قوتۇپ يۇلتۇزى مەجمۇئەسى



ئابلىمىت ئىمىن

# ئىپپەتلىك ئايال

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئابلىمىت ئىمىن

# ئىپپەتلىك ئايال

( پوۋېستلار )

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەريەم قۇربان
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مۇراددىل ئابىد

«قۇتۇپ يۇلتۇزى» مەجمۇئەسى

# ئىپپەتلىك ئايال

(پوۋېستلار)

ئاپتورى: ئابلىمىت ئىمىن

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خۇڭتۇ باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 3.75
2004 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
2004 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 — 5168 — 7
سانى: 1—3000
باھاسى: 6.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە

1. ئىنكاھتا شەك يوق ................................ 1

2. ئىپپەتلىك ئايال ................................ 50

3. ئاق يولۋاس ................................ 72

# نىكاھتا شەك يوق

قىبلىدىن شامال چىقىپ،
ئۆرۈۋەتتى باراڭنى،
باغلاپ قويسا تۇرمايدۇ،
كۆڭۈل دېگەن ساراڭنى.

(خەلق قوشىقى)

## 1

باران ئىشخانىدا قويلارنىڭ ئىچكى كېسەللىرىنى قانداق داۋالاش توغرىسىدا سەپداشلىرى بىلەن پىكىرلىشىۋاتاتتى. تۇساتتىن ئىشىك چېكىلدى، ھەممەيلەن پاراڭنى توختىتىپ ئىشىككە قاراشتى.

— كىرىڭ، — دېدى باران بالدۇر ئېغىز ئېچىپ. ئىشخانا ئىشىكى ئاستا ئېچىلىپ بېشىغا نىل رەڭ كەپكە، ئۇچىسىغا ياشلار پاسونىدىكى بوغماق قارا چاپان كىيگەن بىر ئادەم «ئەسسالامۇئەلەيكۇم!» دەپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ھەممەيلەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، باراتنىڭ ئىشداشلىرىدىن سەيدىن بۇ سالاپەتلىك ئادەمنى بوش ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى ۋە:

— سەمەت ئۇستام ئۆزلىرى قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىلا؟ — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— نېمىسىنى ئېيتاي، — دېدى سەمەت ئۇستام كەپكىنى قو-

لىغا ئېلىپ، ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىگە ئاق سانجىغان ئۆسكىلەڭ چاچلىرىنى ئۇلۇڭ قولىنىڭ بارماقلىرى بىلەن تاراپ قويۇپ، — بېشىمغا كۈن چۈشتى، سىلەرنى دەردىمگە دەرمان بولارمىكىن دەپ ئىزدەپ كېلىشىم.

— قېنى دېسىلە، قولىمىزدىن كەلسىلا بىز خىزمەتلىرىگە تەييار، — دېدى سەيدىن.

— ئۆتكەن يىلى بىر نەسىللىك ئىنەك ئالغاندىم. تېخى يېقىندىلا بىر موزاي تۇغۇپ بەرگەندى، ئىنەك كۆپ بولۇپ قاپتۇ، قورسىقى ئېسىق، يەم يېمەيدۇ. قاسساپقا بېرۋېتەي دېسەم موزىيى ئەمدى ئەللىك كۈنلۈك بولغاندى. ئېغىر كۆرمىسىلە ئۆيۈمگە بېرىپ...

— ۋاي خىجىل بولمىسىلا، مانا مۇشۇ ئۇكىمىز، — دېدى سەيدىن باراتنى كۆرسىتىپ، — ئەنە شۇنداق كېسەللەرنى داۋالاشنىڭ پىرى، لوقمانى ھاكىمنىڭ ئۆزى دېسىلە، بارات باردىمۇ كېسەل ساقايدى دېگەن گەپ، ئەمىسە بارات ئۇكام سەن بېرىپ سەمەت ئۇستامنى بىر خۇش قىلىۋەتكىنە.

— چاتاق يوق، بارالىسام باراي، كالىڭىز ساقىيىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، مانا بىزمۇ ئىش كۆتۈپ ئولتۇراتتۇق دەڭا، — دېدى بارات.

سەمەت ئۇستام ھەممەيلەنگە رەھمەت ئېيتىپ ئىشىكتىن چىقتى. باراتمۇ دورا ساندۇقىنى ئۈشىنىسىگە ئارتىپ سەمەت ئۇستامغا ئەگىشىپ دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. سەمەت ئۇستام باراتنى ماشىنىنىڭ كابىنكىسىگە تەكلىپ قىلدى. ئۇلار شەھەر مەركىزىدىن ئۆتۈپ ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا سودا كوپىراتىپ ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا كىرىپ توختىدى. بارات سەمەت ئۇستامغا ئەگىشىپ پاكار بىر ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىن ئوڭغا بۇرۇلدى، تامدەك يوغان بىر قارا نەسىللىك ئىنەك ئوقۇرنىڭ ئالدىدا ئىنجىقلاپ تۇراتتى. بارات ئىنەكنى قولى بىلەن سىلاپ تەكشۈرۈپ چىققاندىن

كېيىن تىنىشىغۇچ بىلەن ئۆپكە ـ يۈرەك ھەرىكىتىنى تىڭشىدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوقۇردىكى تاتلىقياغىيۇ شاخلىرىغا چۈشتى ۋە جىددىيلەشكەن ھالدا سورىدى.

— كالا مۇشۇ ياغىيۇ يوپۇرماقلىرىنى يېگەنمۇ؟

— شۇنداق ئۇكام، بىر يەردىن ئالغاچ كېلىۋېدىم دەغا، — دېدى سەمەت ئۇستام.

— بۇ كېسەلنى ئۆزىڭىز تېپىپسىز ئۇستام، كالىغا مۇشۇنداق سولىشىپ قالغان ياغىيۇ شاخلىرىنى بېرىشكە بولمايتتى، بۇ نەرسە شىلىملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە، كالا يېگەندىن كېيىن ئاشقازاندا شىلىملىشىپ كالىنىڭ ھەزىم قىلىشىنى ناچارلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئاندىن مۇنەكلىشىپ چوڭ تەرەت يولىنى توسۇۋېلىپ قورساق ئىششىقىنى پەيدا قىلىدۇ.

— ھەي ئىسىت! — دېدى سەمەت ئۇستام پۇچۇلىنىپ، — نېمىمۇ قىلاتتىم شۇ نەرسىنى كالىغا بېرىپ، خۇددى باقالمايدىغاندەك.

— كېرەك يوق، قېنى مەن داۋالاپ كۆرەي. مانا دورىمۇ ئېچكۈزدۈق، ئوكۇلمۇ ئۇردۇم، ئەمدىكى مەسىلە دورىنىڭ كالىغا تەسىر قىلىشىدا قالدى. كالا ھازىر خەتەرلىك ئەھۋالدا، مۇشۇ خەتەر ئۆتۈپ كەتسىلا ساقىيىپ كېتىدۇ، بولدى، ئەمدى بىردەم كۈتەيلى، — دېدى بارات.

— ھەي گۈلخان، بىر چۆگۈن سۇ ئېلىپ چىقە! دوختۇر قولىنى يۇيۇۋالسۇن، — دېدى سەمەت ئۇستام.

بىر ئازدىن كېيىن ئوتتۇرا بويلۇق چىرايلىق بىر چوكان چىقىپ كەلدى ۋە بارات بىلەن باش لىڭشىتىپ ئاددىيلا سالاملاشقاندىن كېيىن قولىدىكى چۆگۈننى سەمەت ئۇستامغا بېرىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى، سەمەت ئۇستام باراتنىڭ قولىغا سۇ قۇيدى. بارات قولىنى يۇيۇۋېتىپ ئىچىدە: «بۇ ئايال سەمەت ئۇستامنىڭ قىزىمىدۇ، بۇ قىزى بولسا نەۋرە كۆرگەن ئادەمكەن ـ دە» دېگەنلەرنى

ئويلىدى.

— ھەي گۈلخان، كۆرپە سال، — سەمەت ئۇستام شۇنداق دېگىنىچە باراتنى ئۆيگە باشلىدى. ئىككى تامغا ئانارگۈللۈك خوتەن گىلىمى تارتىلغان، سۇپا ئۈستىگە لوڭقا گۈللۈك گىلەم سېلىنغان بولۇپ، ئۆي ئىچى ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇراتتى. بۇلۇڭدىكى شىرە ئۈستىگە 21 دىيۇملۇق رەڭلىك تېلېۋىزور، ئاستىغا ياڭراتقۇلۇق ئۈنئالغۇ قويۇلغانىدى. ئون ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالا بىلەن يەتتە - سەككىز ياشلىق بىر قىز بالا ساپادا ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتاتتى. بارات بۇ ئىككى بالىنى سەمەت ئۇستامنىڭ نەۋرىسىمىكىن دەپ ئويلىدى ۋە ئۇستامنىڭ ئورۇن كۆرسىتىشى بىلەن تاۋار كۆرپە ئۈستىگە قورۇنۇپراق ئولتۇردى.

— ئۇكا، ئەھۋالدىن قارىغاندا بويتاق ئوخشىمامسىز؟

— شۇنداق ئۇستام، — دېدى بارات، — مەن تېخى يېڭىلا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلدىم، شۇڭا ئىدارىدە يېتىپ - قوپۇپ ئىشلەۋاتىمەن. دېھقان بالىسى. ئۆيىمىز يىراق، بېرىپ - كېلىپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدىكەن. ئايدا ئالىدىغىنىمىز ئۈچيۈز نەچچە يۈەن، — دېدى بارات خورسىنىپ.

— تاماقتىن قىينالغانسىز ھەقچان.

— ئۇنى بىر دېمەك، غورىگىلرەك تۇرمۇش كەچۈرسەك ئايدا ئاز - تولا پۇل ئىقتىساد قىلىپ قالىمەن. بازار تامىقى قىممەتكەن دېسىلە ئۇستام، ئەگەر بازاردىكى ئاشخانىغىلا قاراپ قالساق ئاتا - ئانىمىزنىڭ يانچۇقىنى كولاشقا توغرا كېلىدۇ تېخى، شۇڭا بەزىدە نان - چاي بىلەنمۇ كۈن ئۆتكۈزۈپ كېتىمەن. نېمە ئامال، كۆنۈپ قالدىم، — دېدى بارات.

سەمەت ئۇستام داستىخان سالدى. چايدىن كېيىن گۈلخان بىر تەخسە لەڭمەننى باراتنىڭ ئالدىغا قويدى. شۇ ئارىلىقتا ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى. ئايالنىڭ كۆزلىرى چەكسىز

سۆيگۈ تەشنالىقىدا خۇمارلاشقاندەك كۆرۈنەتتى. ئىسسىق چىراي بۇ ئايال باراتقا بەكمۇ سۆيۈملۈك تۇيۇلۇپ كەتتى. بارات ئايالغا قارىماسلىق ئۈچۈن ھەرقانچە زورۇقسىمۇ يەنىلا ئىختىيارسىز قارىغۇسى كېلەتتى. ئۇ ئوغرىلىقچە قارىغاندا، ئايالمۇ تەڭلا قارايتتى - دە، ئوتلۇق كۆزلەر بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالاتتى... ئاش ئۇنىڭغا بەك تېتىدى. باراتنىڭ ئانىسى لەڭمەننى مۇنداق ئوخشىتىپ ئېتەلمەيتتى. بارات دۇئادىن كېيىن مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ تېلېۋېزور تۇگىگەندە كېتىشنى خىيال قىلغاندى، لېكىن باياتىن «ياتاققا بېرىپ دورا ئېلىپ كېلەي» دەپ قويغىنى ئۈچۈنلا ئۇ سىرتقا چىقىپ بىر ئايلىنىپ كەلمىسە بولمايتتى. سەمەت ئۇستام ئىشىككىچە ئۇزىتىپ چىقىپ:

— ماقۇل ئۇكام، تېزراق كېلىڭ، ئۇزاتمىدىم - ھە! — دېدى.

بارات كېتىۋېتىپ ئويلايتتى: مەن قاچانمۇ ئاشۇنداق چىرايلىق خوتۇنغا ئىگە بولارمەن. ماۋۇ ئۇستامنى كۆرۈڭ، ئۇنىڭ ئۇستىگە خوتۇنى ئۆزىنىڭ قىزىدەكلا ياش ئىكەن (باياتىن سەمەت ئۇستام «ھەي خوتۇن» دەپ چاقىرغان چاغدىلا بىلگەنىدى). بۇ ئايال خەق دېگەن پۇلى بار ئادەمگە ياش - قېرى دېمەي تېگىۋېرىدىكەن، توۋا، چېنىپلا قاپتۇ. ئەگەر مېنىڭ دادامىمۇ قولىدا بارراق ئادەم بولغان بولسا مەنمۇ ئۆيلىنىۋالغان بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى، ھە؟ بارات ئاشۇ خىياللار بىلەن كىنوخانا ئالدى ۋە كەچلىك بازارنى ئايلىنىپ، ئاران ئىككى سائەت ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ، سەمەت ئۇستامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كالىغا قارىدى. كالىدا ياخشىلىنىش ئالامىتى كۆرۈلگەنىدى. ئۇ كالىغا يەنە بىر ئوكۇل ئۇرۇپ سەمەت ئۇستامنىڭ «قونۇپ قېلىڭ» دېگىنىگە ئۇنىماي كېتىپ قالدى.

## 2

قەھرىتان قىش، بارات شالدىرلاپ تۇرغان كونا ئەبجەق ۋېلىسىپتىنىڭ كەينىگە يېرىم تاغار كېپەكنى ئارتىپ يېزىدىكى ئۆيىدىن كەلگەنچە ئۇدۇل سەمەت ئۇستامنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ بېشىدا قارا سۆكنو كەپكە، ئۇچىسىدا سۈپىتى ناچار بىرلا كۆپتۈرمە چاپان بار بولۇپ، سوغۇقتا قاتتىق توڭۇپ كەتكەنىدى، تىزلىرى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك، ئىچىگە كىيگەن بىرلا تور ئىشتاندىن ئۆتكەن سوغۇق ئۇدۇللا سۆڭەككە تېگەتتى، قونچىسىز ئاياغ، قېلىن پايپاق ئىچىدە تۇرغان پۇتلىرىمۇ سەزگۈسىنى يوقاتقىلى تاسلا قالغانىدى. «سەمەت ئۇستامنىڭ ئايالى بارمىدۇ-يوقمىدۇ؟ — دېدى بارات ئىچىدە، — ئەگەر بار بولسا مېنىڭ بۇ ھالىمنى كۆرۈپ نېمە دەپ قالار - ھە! ياخشىراق، قېلىنراق كىيىنەي دېسەم ئالغان مائاشىم تايىنلىق، ئازغىنا پۇل نېمىگە يېتىدۇ، ھەي، شۇ سەمەت ئۇستام كېپەكنىڭ گېپىنى قىلمىغان بولسا ئۆيىگىمۇ بارماستىم، مۇشۇنداق جاڭ - جاڭ سوغۇقتىمۇ قالمىغان بولاتتىم.» بارات شۇ خىياللىرى بىلەن توڭلىغان قوللىرىنى بىر پەس ئۇۋۇلاپ تۇرغاندىن كېيىن ئىشىك قاقتى. بۇ قۇياش ئولتۇرۇپ قاش قارايغان چاغ، ئەتراپ جىمجىت، سىرتتا بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ سەمەت ئۇستامنىڭ چوڭ ئوغلى مەخمۇت بوسۇغىدا پەيدا بولدى ۋە باراتنى كۆرۈپ:

— ئاپا، ھېلىقى دوختۇر بارات ئاكام كەپتۇ، — دەپ ۋارقىرىدى.

— ۋاي بارات ئاكاڭ كەپتۇما، چاققان ئۆيگە باشلا بالام، — گۈلخان ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ شۇ گەپلەرنى دېدى - دە، ئارقىدىنلا ھويلىغا چىقتى ۋە، — ھوي، بۇ سوغۇقتا نېمانداق تۇرۇۋېرىسىز، بۇلۇڭ، ئۆيگە كىرىڭ، ۋېلىسىپتىنىڭ كەينىدى-

كى نېمە ئۇ؟
— كېپەك، — دېدى بارات، — سەمەت ئۇستام كېپەكنىڭ گېپىنى قىلىۋېدى. تۈنۈگۈن يېزىدىكى ئۆيگە بارغاندىم، شۇڭا ئالغاچ كەلدىم.
— ۋاي - ۋۇي، ئۇ سىزنى تازا ئاۋارە قىپتۇ - دە!
گۈلخان باراتنى ئۇنىمىغانغا قويماي ئۆيگە ئېلىپ كىردى ۋە مەشنىڭ يېنىغا بىر كىچىك ئورۇندۇق قويۇپ باراتنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. بارات لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقان مەشنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بولسىمۇ نېمىشقىدۇر يەنىلا لاغىلداپ تىترەپ تۇراتتى. گۈلخان بىر پىيالە قىزىق چاي قۇيۇپ باراتنىڭ قولىغا تۇتقۇزغاندىن كېيىن دېدى:
— ھەي مۇشۇنداق سوغۇقتا سەمەتتىنگمۇ نېمە قىلغىنىكىن-تاڭ بۇ؟ كۆپ جۇۋاپسىز، رەھمەت سىزگە.
— بۇ كىچىككىنە ئىش، رەھمەت دېمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ھە، راست سەمەت ئۇستام كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دېدى بارات گۈلخانغا قاراپ.
— شوپۇر دېگەن تالانىڭ ئادىمىكەن، كېلىدۇ، كېتىدۇ شۇ. سىزگە مەلۇم، بىر ئۆيىنىڭ دەردى - بالاسى ماڭىلا، سەمەت ئۆيگە كەلسىمۇ ئۇيقۇدىن باش كۆتۈرمەيدۇ. كۈندۈزى تېخى، كېچىسى تېخى، ئۇنىڭ ئاشۇ تۈگىمەس ئۇيقۇسىدىن خويمۇ زېرىكتىم دەڭا، ھەپتە - ئون كۈن ئۆتۈپ كەتسىمۇ سەن نەدە خوتۇن دېمۇ قويمايدۇ، — دېدى گۈلخان قاقشاپ.
— كونىلار «يول ئازابى گۆر ئازابى» دەپتىكەن، ئەتىدىن كەچكىچە يول مېڭىپ چارچاپ كېتىدىغاندۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە سەمەت ئۇستام يولدا ئانچە - مۇنچە قوشۇمچە پۇل تاپىدۇ، — دېدى بارات سەمەت ئۇستىنى ئاقلاپ.
— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى گۈلخان قازاندىكى سۇيۇقئاشنىڭ تۇزىنى تېتىۋېتىپ، — ھازىر ماڭىمۇ تەس بولۇۋاتىدۇ، —

گۇلخان باراتنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى ۋە ئالدىدىكى تاماق شىرەسىگە ھورى چىقىپ تۇرغان بىر چىنە سۇيۇقئاشنى قويۇپ، — تېز ئىچىڭ، ئەسلىدە بۇگۈن لەڭمەن ئەتمەكچى ئىدىم، قارىسام سىز بەك توڭلاپ كېتىپسىز، دەرھال سۇيۇقئاشقا ئۆزگەرتتىم. سوغۇقتا ئىسسىق باسىدۇ، — دېدى.

بارات تېلېۋىزورغا ئانچە - مۇنچە قاراپ قويۇپ سۇيۇقئاشنى بىردەمدىلا ئىچىپ بولدى. مەشتە چاراسلاپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. باراتنىڭ باش - كۆزلىرىدىن توختىماي تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ تەرلىرىنى بىر قانچە قېتىم سۇرتۇپ، يېنىدىن بىر تال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى ۋە بىر - ئىككى شورىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— كەچ بولۇپ قالدى، مەن ئەمدى قايتايمىكىن، — دېدى رەھمەت ئېيتقاچ.

— ھوي، نېمىگە ئالدىرايسىز. تېلېۋىزور تۈگىسۇن، تەرلىرىڭىز قۇرۇسۇن، ئىسسىق ئۆيدىن مۇشۇنداقلا سىرتقا چىقسىڭىز زۇكام بولۇپ قالىسىز، نېمىدىن ئەنسىرەيسىز، ياتىقىڭىزدا بىرى سىزنى كۈتۈپ تۇرمىغاندۇ؟ — دېدى گۇلخان چاقچاق ئارىلاش. مەخمۇت بىلەن مېھرى ئاشنى ئىچىپ بولۇپلا ئىچكىرى ئۆيدە تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى، گۇلخان باراتنىڭ قولىدىن تارتىپ، — قېنى ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۇنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، — سىز قىز بالىدەكلا تارتىنچاق ئىكەنسىز، قاراڭ سىزنى، يىگىت دېگەن ئېچىلىپ - يېيىلىپ كەڭ - كۇشادە ئولتۇرىدىغان. سۆيگۈنىڭىز بارمۇ؟

بارات نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تېلېۋىزورغا قارىۋالدى. دەل شۇ چاغدا تېلېۋىزوردا ئامىرىكىلىق بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇق سۆيۈشۈۋاتاتتى، بارات يەنە تېلېۋىزوردىن كۆزىنى ئېلىپ قېچىپ يەرگە قارىدى، باراتنىڭ بۇ قىلىقىدىن ھەيران قالغان گۇلخان ئىچىدە: «بۇ تېخى ئايال زاتى كۆرمىگەن يىگىت ئىكەن» دېدى

ۋە ئارقىدىن:

— مەن سىزدىن سۆيگىنىڭىز بارمۇ؟ دەپ سورىسام جاۋاب بەرمەي جىمىپلا كەتتىڭىزغۇ، — دەپ باراتنى نوقۇدى.

— «مۇشۇكنىڭ پۇلى يوق بەزگە ئامراق» دېگەندەك، — دېدى بارات، — نامراتچىلىقتا ياشاۋاتىمەن، ئاز - تولا پۇلنىڭ غېمىنى قىلىپ ئاندىن قىزلارغا كۆز سالمىسام، ھازىر ئۇ ئىشلارنى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايمەن.

— ئوغۇل بالا دېگەن ئۇنداق بوشاڭ بولمايدىغان. قىز تېپىپ توي قىلىشقا بەل باغلىسىڭىزلا پۇل دېگەن تېپىلىدۇ، سىززە.... !

بارات كۈلۈپ قويۇپ تېلېۋىزورغا قارىۋالدى. گۈلخان يالاڭۋاش، كۆڭلەكچان ھالدا باراتقا ياندىشىپ ئولتۇرۇپ، تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئېقى ئاق، قارىسى قارا چوڭ - چوڭ كۆزلىرى پات - پات باراتنىڭ شالاڭ سارغۇچ قاشلىرىغا، نۇرلۇق كۆزلىرىگە، سەل پاناقراق كەلگەن قاڭشىرى ۋە ئۆسكىلەڭ چاچلىرىغا، كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرغان بەستىگە ھەر قېتىم چۈشكىنىدە، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن بىر خىل ئېغىر خورسىنىش ئارىلاش ئاللىقانداق تەلپۈنۈش ھېسسىياتى ئۇرغۇپ چىقىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىق باھارىنى، شۇنداقلا ياشلىقىنىڭ ئۆزىدىن خېلىلا چوڭ بىر كىشى بىلەن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئەمدىلا ئېسىگە ئېلىۋاتقاندەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى. باراتمۇ پۈتۈن ئەس - يادى بىلەن تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقاندەك قىلغىنى بىلەن شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ نېمە كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ قېنى قىزىپ ۋۇجۇدىدا يېڭىپ بولماس بىر خىل تەلپۈنۈش ۋە تەشنالىق غەليان قىلىۋاتاتتى. ئۇ شۇ تاپتا يېنىدا ئولتۇرغان بۇ گۈزەل ئايالنى ھازىرلا باغرىغا باسقۇسى كەلدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشقا جۈرئىتى يوقتەك ئىدى ۋە گۈلخانغا يەر ئاستىدىن ئانچە - مۇنچە قاراپ قويۇش بىلەنلا

ئۆزىنىڭ قايناپ تۇرغان ھېسسىياتىنى بېسىپ تۇراتتى. ئىككىيـ
لەن ئۆز خىياللىرى بىلەن بىر ھازا جىم - جىت ئولتۇرۇشتى.
ئاخىرى يەنە بۇ جىمجىتلىقنى گۈلخان بۇزدى:

— تېزراق توي قىلىڭ. توي قىلسىڭىز مۇشۇنداق ئىللىق
ئائىلىگە، ئىسسىق ئاشقا، كۆڭۈل خۇشلۇقىغا ئىگە بولىسىز،
ئايال دېگەن ياخشى جۇمۇ؟ بۇندىن كېيىن قېلىنراق كىيىنىڭ.

— بولىدۇ، مەن، مەن قايتايمىكىن.

— مەن سىزنى قونۇپ قېلىڭ دېمىدىمغۇ تېخى.

— قونسامغۇ بولاتتى. ناۋادا سەمەت ئۇستام كېلىپ
قالسا...— بارات چېقىشىپ شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، بىراق دەپ
بولۇپلا بۇ سۆزىنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا
قالدى.

— كىم بىلىدۇ، سەمەت ئۇستىڭىزمۇ بەلكىم بىر يەرلەردە
ئۆزىگە لايىق بىرىنى تېپىپ، كابىنكىسىدا جۇۋىسىغا سولاپ ياتـ
قاندۇ. شوپۇرغا يولدا خوتۇن دېگەن گەپ بار، — گۈلخان قايرىـ
لىپ باراتقا قارىدى. تەشنالىق ئىلكىدە ئىككى جۈپ
كۆز بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشتى. گۈلخان نەچچە ۋاقىتتىن
بېرى ئۆزى ئىزدىگەن، لېكىن ئىزدەپ تاپالمىغان بىر نەرسىنىڭ
دەل باراتنىڭ كۆزىدە ئىكەنلىكىنى، باراتنىڭ كۆزلىرىدىن بىر
خىل كۈچلۈك ھېسسىياتنىڭ — دەل ئۆزى تەلپۈنۈۋاتقان نەرسىـ
نىڭ چاقناۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدى. ئۇ پىخىلداپ
كۈلۈپ تۇرۇپ، — كەتسىڭىزمۇ كېتىڭ، تالا سوغۇق، سەمەتـ
نىڭ چاپىنىدىن بىرىنى ئاچىقىپ بېرەي، كىيىپ كېتىڭ، ۋاقـ
تىڭىز بولسا، ئەتە ئەكېلىپ بېرەرسىز، — دېدى - دە، ئىچكىـ
رى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، بىردەمدىلا پارقىراپ تۇرغان خۇرۇم
چاپاندىن بىرنى ئاچىقىپ، — بۇ سەمەتنىڭ چاپىنى ئىدى، كىيىـ
ۋېلىڭ، — دەپلا باراتقا كىيگۈزدى ۋە ئالدىنىڭ تۈگمىسىنى ئېتىـ
ۋېتىپ، — ئەجەپ ياراشتى سىزگە، — دەپ باراتنىڭ بۇرنىنى

بوشقىنا چىمداپ قويدى، مۇشۇ بوشقىنا بىر چىمداش بىلەن تەڭ باراتنىڭ سەۋرى قاچىسى «ۋاڭ» قىلىپ يېرىلدى. بارات بىردىنلا جۇرئەتلىنىپ گۈلخاننىڭ يۇمشاق قولىنى كاپپىدا تۇتۇپ ئالدىغا تارتتى.

— ۋىييەي، ئۇنداق قىلماڭ... سەت بولىدۇ، هازىر كېتىشۋې- لىڭ. كېيىن... — گۈلخان ئۆزىمۇ بىلمىگەن ۋە سەزمىگەن هالدا ئەس - هوشىنى يوقىتىپ، باراتنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويدى. — كېتىڭ. كېتىڭ...

— ياق كەتمەيمەن. كەتمەيمەن، — دېدى بارات هاياجانلى- نىپ.

بارات قاتتىق هاياجانلانغانلىقىدىن لاغىلداپ تىترەيتتى. يۈ- رەكلىرى پۇلاڭلاپ، هاسىراپ هۆمىدەيتتى. ئۇنىڭ نەپسى تاقىل- داپ ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالمىدى...

گۈلخان ئۆزىنىڭ ئېرىگە خىيانەت قىلىۋاتقىنىنى، گۇناهقا قەدەم قويغىنىنى بىلىپ ياتسىمۇ، جەننەتنىڭ ئىشىكىنىڭ ئۆزلە- رى ئۈچۈن ئاستاغىنە ئېچىلىۋاتقىنىنى سەزگەندەك بولدى. هە، راست. ئۇلار خۇددى جەننەتتە هاۋا ئانا بىلەن ئادەم ئاتىدەك بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئويناۋاتاتتى. بۇ يەردە بۇرچ ۋە مەسئۇ- لىيەت تۇيغۇسى مامكاپتەك توزۇيتتى، بۇ يەردە ۋاقىت كۈچلۈك مۇهەببەت - سۆيگۈ تەپتىدىن خۇددى ئۇلارنىڭ جىسمىدەكلا ئې- رىيتتى، بۇ ئالەم ۋە ئۇ ئالەم غايىب بولغانىدى. بۇ يەردە ئىككى تەن گىرەلىشىپ بىرلا ۋۇجۇدقا — جەننەت قۇشىغا ئايلانغانىدى. بۇ قۇش هالاكەتتىن — ئۆلۈمدىن نىجاتلىق تاپقان سۇمۇرغ ئى- دى.

چەكسىز شېرىنلىك، چەكسىز لەززەت ئۆزىنىڭ سېهىرلىك قوللىرى بىلەن ئۇلارنىڭ پۈتكۈل جىسمىنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە راهەتلەندۈرۈپ، سىلايتتى، سىلايتتى، سىلايتتى... ئاشۇ لەززەت ئىچىدىكى مەستخۇشلۇق ئىچىدە گۈلخان بىردىنلا ئىچ - ئىچىدىن

ئۆرتۈنۈپ يىغلاشقا باشلىدى. بارات لاسسىدە بوشىشىپ كەتتى ۋە
سورىدى:

— نېمە بولدى سىزگە، نېمىدەپ يىغلايسىز؟

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، — دېدى ئۇ ھىقىلداپ تۇرۇپ تەس-
تە، — شۇنداق يىغا تۇتۇپ كەتتى··· مەن يىغلىۋالاي، قانغۇچە
يىغلىۋالاي!···

بارات قىزلارنىڭكىدەك يۇمشاق قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ ياش-
لىرىنى سۈرتۈپ ئۈلگۈرەلمەيتتى. گۈلخان شۇ تەرزدە خېلى
ئۇزاق يىغلىۋالغاندىن كېيىن ئاخىرى چوڭقۇر بىر «ئۇھ» تارتىپ
دېدى:

— مەن ئەرگە تەگدىم، ئىككى بالىلىقمۇ بولدۇم، ئەرلەر
مۇشۇنداقلا بولسا كېرەك دەپ يۈرۈپتىمەن··· ئەمما مەن تېخى
بۈگۈنگە قەدەر سەمەتتىن باشقا بىرمۇ ئەر بىلەن ئۇچرىشىپ
باقمىغانىكەنمەن···

— مەنمۇ شۇنداق، تاكى بۈگۈنگە قەدەر قىز - ئاياللارغا
ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى، زېھنىنى سەرپ قىلىشقا ئەرزىمەي-
دۇ. ئادەم ئۆزىنى مىللەتنىڭ، خەلقنىڭ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت-
نىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىغا بېغىشلىشى كېرەك. مانا بۇ ئەرزىيدىغان
ئىش دەپ ئويلايتتىم··· ۋاھالەنكى، مەن ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەڭ-
گۈلۈك ئىچكى مەنىسىنى چۈشەنمىگەن، مەنىلىك ياشىدىم دەپ
يۈرۈپ ئەمەلىيەتتە ياشىمىغان، بىر ئازمۇ ياشاپ باقمىغان ئىكەن-
مەن··· پەقەت سىزلا مېنى ئۆز ئانامدەك ھاياتلىققا قايتىدىن تۇغ-
دىڭىز. مېنى ئاپىرىدە قىلدىڭىز، مەن سىز ئارقىلىق، سىزنىڭ
سىرلىق تېنىڭىز ئارقىلىقلا ئۆزۈمنى، بۇ دۇنيادىكى ھەممىنى
چۈشەندىم، ھەممىنى ھېس قىلدىم، مەن ئاياللاردا يىگىتلەرنى
مەستخۇش قىلىدىغان مۇنداق سېھرىي كارامەتنىڭ بارلىقىنى ئەم-
دىلا بىلدىم.

ئۇلار شۇنداق پاراڭلىشىپ تاڭ يورۇشقا باشلىغىنىنى سەز-
مەيلا قېلىشتى.

گۈناھلىق ۋە خىيانەتكارلىق بولسىمۇ ئەنە شۇ شېرىن ۋە كۆڭۈللۈك ئۈچرىشىشتىن كېيىن، گۈلخاننىڭ ھاياتقا ۋە تۇرمۇشقا بولغان قارىشىدا زور ئۆزگىرىش بولدى. بۇ ئالەمدە ئىنسان ماددىي تۇرمۇشنىڭ باياشات بولۇشىغا موھتاج، لېكىن ئۇ مەنىۋى تۇرمۇشقىمۇ تويۇنۇشى كېرەك ئىكەن. گۈلخان مۇشۇ كۈنلەردە تۇرمۇش باياشاتلىقىنىڭ ئىنساننىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا ھەقىقىي روھىي ئازادلىك ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇنى شەيتان ئازدۇردى. ئەنە شۇ لەنىتى شەيتان بىرلا ئازدۇرۇش بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە ئاللىقاچان قېرىپ ھالىدىن كەتكەن ياشلىق ھېسسىياتى قايتىدىن ئويغاندى، غەليان كۆتۈردى، بىر ساداقەتمەن ئايالنىڭ ھېسسىياتى تۇراقسىزلاندى. مانا ئەمدى سەمەت ئۇستامنىڭ قېرىلىق يېتىپ گۆشى قاچقان ۋە بېنزىن پۇراپ تۇرىدىغان بەدەنلىرى ئۇنىڭ بەدىنىگە مۇزدەك تېگىدىغان بولدى، كۆڭلى سوۋۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ھېسسىياتى ۋە ۋۇجۇدى باراتقا تەشنا ئىدى. پۇل ۋە مالنى دەپ قېرىلارغا تەگكەن قىزلار ۋە ئاياللارغا ئۇ لەنەت ئوقۇيدىغان ۋە ئۆزىگىمۇ لەنەت ئوقۇيدىغان بولدى. ئەمدى ئۇ سەمەت ئۇستىنىڭ تېزراق سەپەرگە چىقىپ كېتىشىنى، ئۇزاقتىراق كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان بولدى. گۈلخاندا بولۇۋاتقان بۇ ئۆزگىرىش سەمەت ئۇستىنىڭ كۆڭلىگە قارا سايە، ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ۋە دەھشەتلىك بىر قارا سايىنى بۈگۈن بولمىسا ئەتە تاشلىشى تۇرغان گەپ ئىدى.

گۈلخانمۇ تېخى توي قىلمىغان، يەنە كېلىپ ئۆزىدىن خېلىلا كىچىك بىر يىگىتنىڭ خەقنىڭ سۆز - چۆچەك قىلىشىدىن قورقۇپ بولسىمۇ بۈگۈن بولمىسا ئەتە ئۆزىنى تاشلىۋېتىشىنى بىلەتتى. ئۇ بۇلارنى ئويلىسا قورقاتتى ۋە خورلۇق ھېس قىلاتتى… لېكىن بۇ خورلۇق بىردىنلا خۇشاللىق بىلەن ئالمىشاتتى.

سەمەت ئۇستامنىڭ قوشنىلىرىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، ئۇلار بارات بىلەن گۈلخاننىڭ ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ

يۈرگەنلىكىنى خېلى بۇرۇنلا سېزىپ قېلىشقان بولسىمۇ، سەز-مەسلىككە، بىلمەسلىككە، كۆرمەسلىككە سېلىشتى، بارات بۇ ئۆيگە ئۆگىنىپ قالغانىدى. كىرىپ - چىقىشتا ئۇ ھېچكىمدىن تەپتارتمايتتى، خۇددى سەمەت ئۇستامنىڭ ئۆيى ئۆزىنىڭ ئۆيىدەك.

نېمە دېگۈلۈك. سەمەت ئۇستىغا كىم «خوتۇنۇڭ ماۋۇ شۇمەتەكنى ئۆگىتىۋالدى» دېيەلەيدۇ، بۇ ئۆلۈم ۋەقەسى كېلىپ چىقىدىغان ئىش. مۇنداق دېيىشكە ھېچكىم پېتىنالمايتتى. ياكى گۈلخانغا بۇ گۇناھى كەبىردىن ئۆزىنى تارتىشقا نەسىھەت قىلالمايتتى. قوشنىلار گۈلخان بىلەن باراتقا لەنەت ئوقۇپ، سەمەت ئۇستىغا ئىچ ئاغرىتىش بىلەن ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويۇشاتتى. كۈنلەر ئەنە شۇنداق ئۆتۈۋەردى.

## 3

سەمەت ئۇستام بەش يۈز كىلومېتىر يولنى بېسىپ كېچە سائەت ئۈچ بولغاندا ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولى رولدا بولسىمۇ كاللىسىدا ھەر خىل ئوي - خىيال، يۈرىكى مۇجۇلاتتى، غەزەپتىن ۋۇجۇدى تىترەيتتى. ئۇ مۇشۇ سەپەرگە چىقىشتىن بىر كۈن بۇرۇن قىزىنىڭ قولىدا بىر دانە رەڭلىك ماي قەلەمنى كۆرۈپ قالغانىدى. ماي قەلەمنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سوراپ باققۇسى كەلدى:

— قىزىم، بۇ قەلەمنى ساڭا كىم بەردى؟...

— باراتكام بەرگەن، — دېدى مېھرى.

— باراتكاڭ قاچان بەردى؟

— ئۆتكەندە سەن سەپەرگە كەتكەندە بەرگەن.

— ئۇ شۇ كۈنى كەتتىمۇ ياكى ... —سەمەت ئۇستام گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى.

— سەن سەپەرگە كەتكەن چاغدا ھەر كۈنى باراتكام كېلىدۇ. بىز ئۇخلاپ قالغاندا كېتەمدىكىنتاڭ، باراتكام كەلگەندە ئاپام ياخشى تاماق ئېتىدۇ.

قىزىنىڭ بۇ ساددا جاۋابى سەمەت ئۇستامنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىرىۋەتتى. مانا ھازىر ئۇنىڭ كاللىسىدا غەليان كۆتۈرۈۋاتقىنى ئەنە شۇ كۈنكى گۇمان ئىدى.

بۇگۈن ئۆيگە كىرەيمۇ؟ ياكى كىرمەيمۇ؟ ئەگەر ئۆيگە كىرسەم بۇ ئىككى نائەھلىنىڭ ئۇستىدىن چۈشۈپ قالسام... ياق، ياق، — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، — گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ دەپتىكەن. مەن نېمىگە ئاساسلىنىپ ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىمەن؟ بىر كىچىك بالىنىڭ گېپىگە ئاساسلىنىپمۇ؟ بولدىلا ھەرقانچە بولسىمۇ گۈلخان ئۇنداق قىلماس. ماڭا ئون نەچچە يىل خوتۇن بولدى. مەن ئالغاندا ئۇ كىچىككىنە يېتىم قىز ئىدى. تامىقىمنى ئەتتى، كىرىمنى يۇدى، تەرىتىمگە سۇ بەردى، ئۆيۈمنى تۇتۇپ بالىلىرىمنى باقتى... «گۇم» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ تېز كېلىۋاتقان ماشىنا ئوڭ تەرەپكە سەل قىسايغاندەك بولدى. سەمەت ئۇستام ماشىنىنى يول ياقىسىغا توختاتتى. ماشىنىنىڭ ئوڭ تەرەپ ئالدى چاقى ئېتىلغانىدى. ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قالغاندا ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى قاراڭ، تەلىيىگە زاپاس چاقمۇ بار ئىدى. ئۇ ماشىنا چاقىنى بىردەمدىلا يەڭگۈشلەپ بولدى - دە، يەنە رولغا ئولتۇردى. ئۇ سودا كوپىراتىپ ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا يېقىن قالغاندا ماشىنا چىرىغىنىڭ يورۇقىدا بىر ئادەمنىڭ دەرۋازىدىن چىقىپ چوڭ كوچىغا بۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ كىمكىنە؟ سەمەت ئۇستام ماشىنىنى ئاستىلاتتى ۋە بىردىنلا بۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلىش كويىدا ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتتى. ئۇ ماشىنىنى دەرۋازىغا بۇرىماي ئۇدۇللا ھېلىقى دەرۋازىدىن چىققان كىشىنىڭ ئارقىسىغا سالدى. ھېلىقى ئادەم تام تۈۋىدىكى پىيادىلەر يولىدا تۈگۈلۈپ كېتىپ

باراتتى، سەمەت ئۇستام يېقىن كەلگەندە ماشىنىنى ئاستىلىتىپ
ھېلىقى كىشىگە قارىدى ۋە تونۇدى، راست تونۇدى، ئۇ بارات
ئىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، غەزەپتىن پۈتۈن
ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى. ئۇنىڭ ماشىنىسى بىردە يولنىڭ ئۇ
چېتىگە چىقىپ كەتسە، بىردە بۇ چېتىگە چىقىپ كېتەتتى. شۇ
تەرىزدە ئون نەچچە كىلومېتىر يول مېڭىپ شەھەر سىرتىغا چىق-
قاندىن كېيىن بىردىنلا ئۆزىگە كېلىپ، ماشىنىنى كەينىگە ياندۇ-
رۇپ قورۇغا كىردى. ئۇ ماشىنىنى توختىتىپ ئىشىك ئالدىغا
كەلدى. كىچىدىن بۇيان يېغىپ تېخى يېڭىلا توختىغان قار ئۇس-
تىدە ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىققان ئەركىشىنىڭ ئىزى مانا مەن دەپ
كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. سەمەت ئۇستام باراتنىڭ ياتىقىغا بې-
رىپ كىرسۇنمۇ؟ «سەن مېنىڭ خوتۇنۇم بىلەن يېتىپسەن، مانا
بۇ سېنىڭ ئىزىڭ» دەپ جودا قىلسۇنمۇ؟ بىراق، نومۇس ئۆلۈم-
دىن قاتتىق، ئۇنىڭ ئۆزىگە، بالىلىرىغا، بالىلىرىنىڭ كەلگۈسى-
گە يۈز كېرەك، ئىززەت - ئابرۇي كېرەك. خەير بوپتۇ، بالىلى-
رىمنىڭ يۈزى ئۈچۈن بولسىمۇ «قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە، باش
يېرىلسا بۆك ئىچىدە» ھەل بولغىنى تۈزۈك. باراتنىڭ ياتىقىغا
باستۇرۇپ بېرىپ جېدەل قىلغانىنىڭ پايدىسى يوق.

ئۇ خوتۇنىنىڭ ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى جەزملەشتۈر-
گەن بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. «خۇدانىڭ كۈنى ئۇزۇن» دەپ
باراتنىڭ ئەدىپىنى كېيىن بېرىش نىيىتىگە كەلدى. ئەگەر سەمەت
ئۇستام ئاشۇنداق ئېغىرلىق قىلمىغان بولسا ھەرگىز كەينىگە
يانمىغان بولاتتى. ئۇ ئۆزىمۇ باراتنىڭ ياتىقى ئالدىدىن قايسى
ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بوشاپ كەينىگە يانغانلىقىنى
دەپ بېرەلمەيتتى.

ئەتراپ ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان، ھاۋا سوغۇق ئىدى.
شەرق تەرەپ ئاقىرىپ كېلىۋاتاتتى. شەھەر ئۇيقۇغا چۆككەن،
ئەتراپتىن خورازنىڭ سوزۇپ چىللىغان ئاۋازى ئانچە - مۇنچە

ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سەمەت ئۇستام شۇ تاپتا: «بۇ ئاسىي خوتۇننى ئۇرۇپلا ئۆلتۈرۈۋېتىپ مەنمۇ بۇ دۇنيادىن بىر يولىلا تۈگىشەي، بالىلىرىم ئانىسىنىڭ نېمە گۇناھ قىلغانلىقىنى، دادىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى بىلمەيلا قالسۇن، — دېگەننىمۇ ئويلىدى. بىراق بىردىنلا بۇ نىيىتىدىن ياندى، — قاتىلنى خۇدا خالىمايدۇ، قاتىللىقنى خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئائىلەمنى ساقلاپ قالاي، ئىككى بالامنىڭ يۈزى ۋە كەلگۈسى بەختى ئۈچۈن ئۆيگە كىرىپ گۈلخانغا نەسىھەت قىلاي، بۇنىڭدىن كېيىن تالاغا قارىماسلىقنى، ئۆزى ھەم بالىلارنى ئاياشنى، بالىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن بولسىمۇ بارات بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشنى ئېيتاي.» سەمەت ئۇستام زەربە بىلەن ئىشىك قاقتى، ئۆيدىن «كىم» دېگەن قەھىرلىك بىر سادا چىقتى. بۇ گۈلخاننىڭ ئاۋازى ئىدى.

— مەن، ئىشىكنى ئاچ! — سەمەت ئۇستام ئاۋازىنى سىلىق چىقارماقچى بولغانىدى، لېكىن ئاۋازى نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا قوپال ۋە غەزەپلىك چىقىپ كەتتى. گۈلخاننىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى - يۇ، يەنە ئۆزىنى رۇسلاپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە سۆزسىز كەينىگە يېنىپ، ئۆيگە كىرىپلا يوتقانغا پۈركۈنۈۋالدى. مەشتە چاراسلاپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. سەمەت ئۇستام بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن ئىچكىرى ئۆيدىكى بالىلىرىنىڭ قېشىغا كىردى، ئىككى بالا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. سەمەت ئۇستام ئىچكىرى ئۆيدىن چىقىپ ئۆزىنى تەستە بېسىۋېلىپ ئېغىز ئاچتى:

— مەشكە نېمانچە بۇرۇن ئوت يېقىۋەتتىڭ؟

«قورققان بۇرۇن مۇشت كۆتۈرەر» دېگەندەك گۈلخان بىردىنلا يوتقاندا رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ جاۋۇلداپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇ دېگەن ئۆي، قاچان ئوت ياققۇم كەلسە شۇ چاغدا ياقىمەن، ئۆزى نەمۇ نەدىن كېلىپ سوراققا تارتقىنىنى تېخى!

گۇلخان ئېرىنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشكەنلىكىنى سەزگەنىدى، شۇڭا ئۇ يىلىنىپ - يالۋۇرۇپ گۇناھىنى گەدەنگە ئالغاندىن كۆرە كۆكەملىك قىلىپ غالىب كېلىشنى، يامىنى كەلسە مۇشۇ سەۋەب تۇپەيلى بۇ ھېسسىياتسىز قېرى كالىدىن ئاجرىشىپ كېتىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

— بوشراق ھۆركىرە جۇمۇ گۇلخان، سېنىڭ بۇگۈن كېچە نېمە قىلغىنىڭ ماڭا ئايان. راست گەپنى دەپ گۇناھىڭنى بوينۇڭغا ئالساڭ...

— ھە، ھۆركىرىسەم قانداق قىلاتتىڭ؟ — گۇلخان مىشىلداپ تۇرۇپ ئاۋازىنى قويۇۋەتتى، — كۆڭلۈڭ كۆتۈرمىسە قويۇۋەت. مەن سەندىن جاق تويدۇم، سەن قېرى كالىغا مەن باشتا بىلمەي تېگىپ قالغان ئىكەنمەن، بولدى، سەن تولا گەپ قىلماي مېنىڭ خېتىمنى بەر، ئۆزۈڭگە ئوخشاش قېرىدىن بىرنى تېپىۋال.

— ماقۇل، ماقۇل، مەن ئۆزۈمدەك قېرىدىن بىرنى تېپىۋالاي. سەن ھېلىقى بارات تازىغا تېگىپ مۇرادىڭغا يەت، كۆزۈمدىن يوقال، ھۇ رەسۋا!...

سەمەت ئۇستامىنىڭ سەۋرى قاچىسى يېرىلغانىدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتالماستىن خۇددى ئاچ قالغان يولۋاس ئولجىغا ئېتىلغاندەك بىر سەكرەپ گۇلخانىنىڭ ئۇستىگە تاشلاندى. ئۇ گۇلخانىنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ يوتقاندىن سۆرەپ چىقىپ خۇددى ئەسكى تاغارنى ئاتقاندەك پەگاغا ئاتتى ۋە باش - كۆزىگە ئايىماي ئۇرۇشقا، دەسسەشكە باشلىدى. گۇلخانىنىڭ داد - پەريادى، چاراڭ - جۇرۇڭ، تاراق - تۇرۇقلار شېرىن ئۇيقۇدا ئۇخلاۋاتقان قوشنىلارنى ئويغىتىۋەتتى. ئىككى بالا ئويغىنىپ نالە - پەرياد قىلىپ ئۆينى بېشىغا كىيدى. ئۆي ئىچىدە قىيامەت بولدى، ئەگەر گۇلخان «بولدى خېتىمنى بەر، ئۆزۈڭدەك قېرىدىن بىرنى تېپىۋال» دېمىگەن بولسا سەمەت ئۇستام مۇنداق غەزەپكە كەلمەس ئىدى. گۇلخانىنىڭ

شۇ سۆزى خۇددى يارا ئېغىزىغا تۇز سەپكەندەك دەرد ئۈستىگە دەرد قوشۇپ، ئۇنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىغا قاتتىق تېگىپ، ئۇزاقتىن بېرى تۇنجۇقۇپ تۇرغان قەلبىدىكى غەزەپ - نەپرەت بىردىنلا پارتلاپ چىققانىدى. قولۇم - قوشنىلارنىڭ بىر نەچچىسى سەمەت ئۇستامنىڭ ھويلا تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ «ھاي - قوي» دەپ ئارىغا كىردى، ياۋاش - يۇمشاق كۈلۈپلا تۇرىدىغان بۇ ئۇستامنىڭ بۈگۈنكىدەك غالجىرلىشىپ چېكىگە يەتكىنىنى شۇ چاغقىچە ھېچكىم كۆرمىگەنىدى. قولۇم - قوشنىلار ئىدارە باشلىقىنى چاقىرىپ كەلگەندە گۈلخان ئۆلۈك بىلەن تىرىك ئارىلىقىدا پەگادا سۇنايلىنىپ ياتاتتى.

## 4

گۈلخاننىڭ ھوشىغا كېلىپ تۇنجى كۆرگەن ئادىمى بارات بولدى. ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي كۆزىنى پارقىرىتىپ باراتقا قارىغانچە بىرھازا تۇرۇپ قالدى.

— گۈلخان، سىز... — بارات بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ دېدى، — ئاخىرى كۆزىڭىزنى ئاچتىڭىز. ئەمدى ياخشى بولدى. بارا - بارا ساقىيىپ كېتىسىز.

— سىز بۇ يەرگە قاچان كىرگەن؟ — دېدى گۈلخان لەۋلىرىنى ئاستا قىمىرلىتىپ.

— سىز ھوشسىز ياتقىلى بۈگۈن نەق ئۈچ كۈن بولدى. سىزنىڭ ياخشى بولۇپ قېلىشىڭىزنى ئاللادىن تىلىدىم، ئېچىنىشلىق ھالىڭىزغا قاراپ كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمىدى. سىزگە ھەربىر قېتىم قارىغىنىمدا يۈرەكلىرىم پارە - پارە بولۇپ كېتىدۇ. مانا بەختىمگە ھوشىڭىزغا كەلدىڭىز، تەلىيىم بار ئىكەن، — دېدى بارات مىيىقىدا كۈلۈپ.

— مېنى دوختۇرخانىغا كىم ئەكەلدى؟

— قولۇم - قوشنىلىرىڭىز ئەكەپتۇ، سىزنىڭ بۇ قىسمەتكە دۇچار بولغىنىڭىزنى ئەتىسى ئۇقتۇم، — دېدى بارات ئۇھ تارتىپ.

— بالىلىرىمدىن خەۋىرىڭىز باردۇ؟ — دېدى گۈلخان مىشىلداپ.

— ئۇلار سالامەت، غەم قىلماڭ.

— ئەمدى ئائىلەم، ئىسسىق ئۇۋام ۋەيران بولىدىغان بولدى. سەمەت دېگەن قېرى توڭگۇزنى كۆرەر كۆزۈم يوق. لېكىن، سىزە... — گۈلخانىنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

ئەگەر گۈلخان مۇشۇ ياشقا كەلگەندە باراتتەك تېنىدە كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ياشلىق ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر ئەر بىلەن ئۇچراشمىغان بولسا سەمەت ئۇستامدىن تەگكەن شەپقەتكە ۋە مېھرى - مۇھەببەتكە شۈكۈر - قانائەت قىلىپ ئۆتەرمىدى؟ ھەي، بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك قىيىن. ھېسسىيات دېگەن بۇ شەيتان ئۇنىڭ تىمتاس غەلۋە - غوۋغاسىز ئۆتۈۋاتقان تۇرمۇشىنى چالغىتىۋەتتى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەن، مەن سىزنى بەختلىك قىلالايمەن. ئەگەر ئاجرىشىپ كەتسىڭىزلا مەن ئەتىسى... — بارات ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن كۆڭلىدە: بۇ ئىش تىنچ - ئامان تۈگىسە بۇ خوتۇندىن بىر يولىلا قۇتۇلۇپ كەتمىسەم دېگەنلەرنىمۇ ئويلاپ ئۈلگۈردى. ئىنساننىڭ كۆڭلى ۋە ھېسسىياتى ئەنە شۇنداق تۇراقسىز ۋە قېلىپسىز نەرسىكەن. ئىشىك «تاراق» قىلىپ ئېچىلدى، بارات ھودۇقۇپ گېپىنىڭ داۋامىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. باراتنى كۆرۈپ سېستىرانىڭ كەيپى بۇزۇلۇپ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. تۈنۈگۈن مۇشۇ سېستىرا باراتنى كارىدوردا كۆرگەن، باشقىلار «15 - ياتاقتا ياتقان ھېلىقى ياردار ئايال مۇشۇ سولتەك بىلەن ئاشنا ئويناپ تۇتۇلۇپ قاپتىكەن، ئېرى ئۇرۇپ ئاشۇ ھالغا كەلتۇرۇپ قويۇپتۇ» دېگەنلەرنى ئاڭلىغانىدى. ئاشۇ گەپتىن كې-

يىن بۇ سېستىرانىڭ گۈلخانغا بولغان ئۆچمەنلىكى قوزغىلىپ مۇئامىلىسى ناچارلاشقانىدى. ئۇنىڭ ئىككى بالىسىنىڭ دادىسىغا ئاسىيلىق قىلىپ كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ بولمىغۇر قىلىقلار-نى قىلغان بۇ ئايالنى چېچىدىن تۇتۇپلا سۆرەپ ئاچىقىپ سىرتقا تاشلىۋەتكۇسى كەلگەنىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ سېستىرالىق بۇر-چى ئالدىدا مۇنداق قىلالمايتتى، شۇڭا ئۇ بىرى مەجبۇرلىغاندەك ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىۋاتاتتى. ئاياللارنىڭ ئەخلاقسىزلىقىنى ئا-ياللارمۇ ياقتۇرمايدىكەن. قارىغاندا ئەخلاقسىزلىق پۈتۈن ئەرلەر ۋە ئاياللار دۇنياسىغا ئورتاق دۈشمەن ۋە يىرگىنىشلىك ئاپەت ئىكەن.

— سىز بۇ يەرگە نېمە دەپ كىردىڭىز؟ — دېدى سېستىرا باراتقا ھومىيىپ، — يوقىلىڭ، بۇ كېسەلنى ئارام ئالغىلى قو-يۇڭ!

— ئە، ئە، ئەپۇ قىلىڭ، — بارات دۇدۇقلىغىنىچە چىقىپ كەتتى. سېستىرا گۈلخانغا ئوكۇلنى ئۇرۇپ بولۇپ:

— ياخشى ئارام ئېلىڭ، — دەپلا چىقىپ كەتتى. بىردىنلا گۈلخانىنىڭ كۆز ئالدىدا سەمەت ئۇستامنىڭ سۇرلۇك چىرايى پەيدا بولدى: شۇ كۈنى مەن ئايىغىغا يىقىلىپ يالۋۇرغان، يېلىنغان بولسام ئۇرماسمىدىكىن؟ راست، ئۇ ياۋاش - يۇمشاق ئادەم ئىدى، ئۇرماس ئىدى، بەلكىم كەچۈرەر ئىدى. ياق! ياق! ھەرگىز كەچۈرمەيتتى، شۇ كۈنى كەچۈرگەن، باللىرىمنىڭ يۈزىنى دەپ كەچۈرگەن بولسىمۇ بۇ ئۆيدە مەڭگۈ ئاراملىق ۋە بەخت، كۆڭۈل ئازادىلىكى بولمايتتى. ئەتە - ئۆگۈن ھامىنى بۇ ئىش يۈرەكنى زېدە قىلاتتى. ئاھ، بولدىلا، كۆڭلى سوۋۇغان ئەر بىلەن ئۆي تۇتۇپ نېمە قىلاتتىم، نېمە راھەت كۆرەتتىم. ئۇ مېنىڭ كۆزى ئېچىلمىغان سەھرا قىزى ئىكەنلىكىمدىن پايدى-لىنىپ يولغا يۆلەپ مېنى ئېلىۋالغان. بۇ قېرىنىڭ قولىدا ھامىد-نى بىر كۈنى ياشلا تۇل قالاتتىم. تاياق يېسەممۇ، خەلقئالەم

ئالدىدا رەسۋا بولساممۇ ھايات تۇرۇپتىمەن. بۇ ئالەمدە رەسۋا بولغان خوتۇن يالغۇز مەنمىدىم. بۇ قېرى كالىدىن بۇرۇنراق قۇتۇلغىنىم تۈزۈك، شۇ كۈنى ئۇنىڭغا يالۋۇرماي ياخشى قىلغان ئىكەنمەن. قولۇم - قوشنىلار «بۇزۇق» دېسە دېسۇن، پەرۋايىم پەلەك، بىر - ئىككى كۈن، كۆپ بولسا بىر - ئىككى يىل لەنەت ئوقۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنتۇپ كېتىدۇ. مەن يەنە ياشاۋېرىمەن. سەمەت خېتىمنى بەرگىنى بىلەن، ئون نەچچە يىللىق تۇتقان ئۆيۈمنى، بالىلىرىمنى تارتىۋالغىنى بىلەن مېنىڭ ياشاش ھوقۇقۇمنى تارتىۋالالمايدۇ. خېتىمنى ئالاي، بارات بىلەن توي قىلاي، بۇ كۆڭۈلسىزلىك ئۇنتۇلۇپ كەتسۇن. كىشىلەر بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى رەسۋاچىلىقلىرىمىزنى ئاخىرى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، گۈلخان ئاشۇ شېرىن ئەمما ئازابلىق خىياللار بىلەن ئاستا-ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى.

## 5

چارۋا - مال دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى ئەسئەت قولىدىكى تاماكىنى ئىككى قېتىم كۈچەپ شورىغاندىن كېيىن قالدۇقىنى كۈلدانغا باستى. ئاندىن ئىستاكاندىكى دورا - دەرمەك بىلەن دەملەنگەن چايدىن بىر ئوتلاپ ئىستاكاننى شىرە ئۈستىگە «تاك» قىلىپ قويدى - دە، قارشى تەرىپىدە يەرگە قاراپ تىرنىقىنى تاتىلاپ ئولتۇرغان باراتقا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— كونىلاردا «ياۋاشنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە» دېگەن گەپ بولىدىغان، بۇ گەپنىڭ راستلىقىغا بۈگۈن قول قويدۇم، مەن سىزنى بۇنداق قىلىقسىز ئىشلارنى قىلىپ يۈرەر دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن. ئىش سىز بىلەنلا كەتسىغۇ مەيلى ئىدى، مەنىۋى مەدەنىيلىك تەكىتلىنىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە بۇ رەسۋاچىلىقىڭىز ئىدارىمىز ئۈچۈنمۇ ئېغىر بېسىم بولۇۋاتىدۇ ئۇكا، مەن سىزنى

ياۋاش، ئىستىلى ياخشى، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەيدۇ، كەسپكە ماھىر، ئىستىقبالى بار، دەپ ئارزۇلاپ، ماختاپ كۆككە ئۆچۈرۈپ يۈرسەم، ھەي، سىز - زە... ئۇكا، ھېلىمۇ ياخشى سەمەت ئۇستامنىڭ بۇ شەھەردە، ياكى يۇرتىدا «ھە» دېسە «ھۇ» دەيدىغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يوقكەن، ئەگەر ئاشۇنداق كۆكەمە تۇغقانلىرىدىن بىر نەچچىسى بولىدىغان بولسا كالتەك كۆتۈرۈپ كېلىپ ئىدارىمىزنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتكەن ھەم سىزنىمۇ ئۇرۇپ ناكا قىلىۋەتكەن بولاتتى. سىزنى مىڭنى تىللىسامىمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئەگەر سەمەت ئۇستام خوتۇننى قويۇۋەتسە بىر ئائىلە بۇزۇلدى دېگەن گەپ، شۇنداق بولسا سىزنى قانۇنىي جازاغا تارتىلمىدى دېگەندىمۇ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەن بولىسىز ئۇكا، ئەمدى قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟ — ئەسئەت باراتقا تىكىلدى. بارات بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئىچىدە مەن بىر ئەركەك بولغاندىن كېيىن، ئۆزۈم تېرىغان بالاغا ئۆزۈم ئىگە. ناھايىتى كەلسە گۈلخاننى ئەمرىمگە ئالسامىلا قانۇنمۇ، ئەخلاقمۇ ماڭا بىر نەرسە دەپ يۈرمەس، شۇنداق قىلسامىلا ھەممە ئىش پۈتىدىغۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ دېدى:

— ئەمدى بولغۇلۇق بولدى، گۈلخاننىڭمۇ نامى بولغاندى. مېنىڭمۇ شۇنداق، ئىككىمىزنىڭ يامان ئاتىقى پۈتۈن ناھىيە بازىرى — بۇ تۇماقتەك كىچىك شەھەرگە پۇر كەتتى. سەمەتمۇ گۈلخاننى قويۇۋېتىدۇ. مەن ئۆزۈممۇ قايسى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ گۈلخانغا باغلىنىپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. ئەگەر گۈلخان ئاجرىشىپ كەتسە، مەن، مەن ئۇنى ئەمرىمگە ئالىمەن، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن. شۇنداق قىلساق ئۇمۇ، مەنمۇ...

— ھەي ئەخمەق بالا، ساڭا قىز تېپىلمايدىغاندەك گەپ قىلما، سەن تېخى توي قىلمىغان يىگىت، گۈلخان سەندىن ئون نەچچە ياش چوڭ ئايال. ئاجرىشىپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ ئىككى بالىسى بار، كىم بىلىدۇ. بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن

باللارنىڭ يۈزىنى دەپ يارىشۇالامدۇ تېخى، ئەگەر سەن ھازىر تويى قىلساڭ يەنە نەچچە يىل، بوپتۇ 10 يىل دەيلى، ئۇ كۆزۈڭگە قېرى كۆرۈنۈپ قېلىشى مۇمكىن. سەمەت ئۇستىغا نە- سىھەت قىلايلى، ئۇلار يارىشىپ قالسا ھېچگەپ ئەمەس. سەمەت ئۇستام سىلەرنى يوتقاندا تۇتۇۋالغىنى يوق. ھازىر سەمەت ئۇستام ئۇچۇن ئېيتقاندا راست بىلەن يالغان ئارىلىشىپ كەتتى. ئۇ ئاچچىقىدىن كۆڭلەردىن بىر كۆنى يېنىپ قالسا…قىسقىسى ئىككى بالا يېتىم بولمىسۇن. گەپىنىڭ مېغىزىنى قىلسام سىز ئەمدى گۇلخاننىڭ كەينىگە كىرىۋالماڭ، ئۇ قىرىق ياشقا ئۇلاشقان ئا- يال، — دېدى ئىدارە باشلىقى ئەسئەت غەزەپ بىلەن.

— ئون ياش چوڭ بولسا نېمە بوپتۇ، مۇھەببەت ياش تاللى- مايدۇ، — دېدى بارات. ئەسئەت غەزەپتىن تىترەپ كەتتى:

— سەن تېپتىنچ بىر ئائىلىنى ۋەيران قىلىپ، ئىككى نارەسىدە باللىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ ئۇلارنى يېتىملىك ۋە خارۇ زارلىقنىڭ دەشتى - باياۋانلىرىغا تاشلىدىڭ، بۇ رەسۋاچىلىقلارنى تېرىدىڭ! شۇنچە گەپ قىلسام بۇ مۇناپىقنىڭ دەۋاتقان گېپىنى!

بارات ئىدارە باشلىقىنىڭ غالجىرلىقى تۇتۇپ قالسا ئۆزىنىڭ ئاش يەۋاتقان تاۋىقىنىڭ چېقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ جىم تۇرۇۋالدى. ئەسئەتنىڭ يەنە بىر نېمە دېگۈسى كەلدىيۇ، يەنە سۆزلەۋېرىشنى خوپ كۆرمىدى بولغاي. مىيىقىدا بىر قېتىم مەسخىرىلىك كۈلگەندىن كېيىن، باراتقا قاراپ دېدى:

— بولدى، ئەمدى چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ.

بارات ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈن - تىنسىز چىقىپ كەتتى. بارات چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىدارە باشلىقى ئەسئەت ساپاغا ئۆزىنى تاشلاپ تورۇسقا تىكىلگەن ھالدا ئۆز - ئۆزىگە دېدى: «بۇ دېگەن 90 - يىللاردە، ئەگەر 60 -، 70 - يىللار بولغان بولسا بۇ سولتەكنى بىر پارچە دوكلات بىلەنلا خىزمەتتىن قوغلاندى قىلد- ۋەتكەن بولاتتىم.»

# 6

— بارات، جېنىم بارات، مەن سېنى دەپ ھەممىدىن مەھرۇم قالدىم، سېنىڭ ئىشقىڭ، سېنىڭ مۇھەببىتىڭ مېنى خانىۋەيران قىلدى. ئىللىق ئائىلەم، قېرى بولسىمۇ ئېرىم، ئىككى بالام بار ئىدى، غەمسىز تۇرمۇش كەچۈرەتتىم، مەن ھەممىدىن بىھاجەت ئىدىم. قاچان سېنى كۆردۈم ۋە سەن بىلەن تونۇشتۇم، مېنىڭ تىپتىنچ ۋە غەمسىز كۆڭۈللۈك ھاياتىمدا ئارامسىزلىق پەيدا بولدى. بۇ سەمەت سېنى نەدىن باشلاپ كىردى ھە، بىزنىڭ ئۆيگە. ئاشۇ ئىنەك ئاغرىپ قالمىغان، سەمەت سېنى ئۆيگە باشلاپ كەلمىگەن بولسا مېنىڭ كۆڭلۈمدە مۇشۇ ئارامسىزلىق پەيدا بولمىغان بولاتتى. تەقدىر شۇنداقمىكىنتاڭ، مۇشۇ كۈلپەتلەرنى تارتىش مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلگەن بولغىيدى بەلكىم، مانا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ھەممە كىشى مېنى كۆرسە «بۇزۇق» دەپ تىللايدىغان بولدى. مەندىن خۇددى ۋابا كېسىلىدىن قاچقاندەك قاچىدىغان بولۇشتى. مەن نەپرەتلىك بىر ئايالغا ئايلىنىپ قالدىم. جېنىم بارات سەن ماڭا يول كۆرسەت، سەن ماڭا ئىگە بول، ماڭا باشپاناھ بول، ئاياللار راستىنلا ئاجىز ئىكەن. ھەرقانداق بىر ئايالغا بىر ئەر باشپاناھ بولمىسا بولمايدىكەن. ئاياللار پەقەت ئەر قولىدىلا بەختلىك بولالايدىكەن. ئەمدى مېنىڭ سەندىن باشقا ھېچنەرسەم يوق! — دېگىنىچە گۈلخان باراتنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى.

باراتنىڭ ياتىقى تىپتىنچ ۋە ئازادە بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىشى ۋە پاراڭلىرىغا ئەمدى ھېچكىم توسالغۇ بولالمايتتى. مەشتە ئوت چاراسلاپ كۆيۈۋاتاتتى. گۈلخاننىڭ سۆزلىرى ۋە ھەسرەتلىك يىغىسى بىلەن باراتنىڭ كۆزىگىمۇ لىغىلداپ ياش كەلدى.

— گۈلخان، بولدى، يىغلىما، نېمىگە ئۇنچىۋالا ئۆپكىدەيسەن؟ — دېدى بارات، — مەن سېنى تۇنجى قېتىم ياخشى كۆردۈم،

ۋە تۇنجى قېتىم سۆيدۇم، سېنى ئۆمۈر بويى سۆيىمەن. ئۆمۈر بويى ياخشى كۆرىمەن، ماڭا ئىشەن! سەن مېنىڭ باغرىمنى تۇنجى قېتىم ئىللىتقان، سەن ماڭا كىشىلىك ھاياتنىڭ لەززىتىنى تېتىتقان، مەن سەن بىلەن ئۆزۈمنى بىلگەن، بىر ئايالنىڭ سۆيۈشكە لايىق ئەر ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلغان. مەن سېنى ئەمرىمگە ئالىمەن. سېنى بەختلىك قىلىمەن. سەن يەنە نېمىگە غەم قىلىسەن؟ بىز يەنە باشقىلارغا ئوخشاش نورمال تۇرمۇش كەچۈرىمىز. بۇ ئىشلارنىمۇ كىشىلەر ئۇنتۇپ كېتىدۇ. يىللار ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. ئېرىڭ خېتىڭنى بەرسە «ھەشقاللا» دەپ ئال. مەن سېنىڭ تىپتىنچ تۇرمۇشۇڭنى داۋالغۇتۇپ شىددەتلىك بوران پەيدا قىلغان ئادەم. يەنە ساڭا تىپتىنچ ۋە بەختلىك تۇرمۇش ئاتا قىلىمەن، — دېدى بارات گۈلخاننىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ گۈلخاننىڭ قەلبىنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز شادلىق ھېسسىياتى چۇلغىۋالدى. گۈلخان ئىلگىرىمۇ مۇشۇنداق سۆزلەرنى باراتنىڭ قۇچىقىدا راھەت پەيزىنى سۈرۈپ يېتىپ ئاڭلىغان، نۇرغۇن قېتىم ئاڭلىغان، لېكىن ئۇنىڭ قەلبىگە بۈگۈنكىدەك تەسىر قىلمىغان. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ۋە قەلبىنى لەرزىگە سالالمىغانىدى. بۈگۈن باراتنىڭ سۆزلىرى گۈلخاننىڭ يۈرەك - باغرىنى سىماپتەك ئېرىتىپ ۋۇجۇدىنى تۈگىمەس - پۈتمەس بەخت ئىلكىدە يايرىتىۋەتتى.

## 7

سەمەت ئۇستامنى ھېچكىم بۇ يولدىن توسالمايتتى ۋە توسۇپ قېلىشقا ئاساس تاپالمايتتى. چۈنكى چۈشكەن ئاشنى تۆكۈۋېتىش كېرەك، بولمىسا قورساقنى ئاغرىتىدۇ، كۆڭۈلنى بىئارام قىلىدۇ. ئۇلار ئاخىرى ئاجراشتى. ئىككى بالا سەمەت ئۇستامغا قالدى. بازارلىق ھۆكۈمەت خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىگە مەغرۇر

قەدەملەر بىلەن كىرگەن گۈلخان ئاق رەڭلىك «ئاجرىشىش گۇۋاھنامىسى»نى قولىغا ئالغان چاغدا نېمە ئۈچۈنكىن ئۆزىنى تۇتالماي پاڭقىدە يىغلاپ تاشلىدى. گۈلخان ئۆزى ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغانىدى. ئاجرىشىش گۇۋاھنامىسىنى ئېلىشتىن ئىلگىرى خەلق ئىشلار كادىرىنىڭ: «مۇمكىن بولسا ئاجراشماڭلار، ئۆي تۇتۇشقا بولىدىغان كىچىككىنە ئىمكانىيەت بولسىلا ئاجراشمىغان ياخشى، سىز ئەڭ ياخشىسى يولدىشىڭىزدىن كەچۈرۈم سوراڭ، شۇنداق قىلسىڭىز سەمەت ئۇستىنىڭ كۆڭلىدىكى قارا داغنى كۆتۈرۈۋېتىش، يۇيۇۋېتىش ئىمكانىيىتى بولىدۇ» دېگەن گەپلىرىنىمۇ ئاڭلىمىغان، ئەمدى نېمە دەپ شۇنداق يىغلايدىغاندۇ؟!…

— سەمەت، سەمەت، جېنىم سەمەت، مېنى، مېنى ئەپۇ قىل، ئون نەچچە يىللىق ئەر - خوتۇنچىلىقنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى، بالىلىرىمىزنىڭ يۈزىدىن بولسىمۇ مېنى بىر قېتىم، مۇشۇ بىر قېتىم كەچۈرۈۋەت، بىلىمەن سېنىڭ كۆڭلۈڭگە شەك چۈشتى، دىلىڭ ئازار يېدى، مەن ئەمدى ساڭا مەڭگۈ ۋاپاسىزلىق قىلمايمەن. ئىككى بالىمىزنى بىرگە باقايلى، — گۈلخان قانداقتۇر بىر غايىۋانە كۈچنىڭ زورلىشى بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇپ سەمەت ئۇستىنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ ئۇنىڭ تىزلىرىنى قۇچاقلىدى، — بالىنى بىرگە باقايلى، بىر قېتىم ئازغانغا… ئازمايدىغان ئىنسان يوق.

خەلق ئىشلار ئىشخانىسىدىكىلەر گۈلخاننىڭ بۇ ھالىغا يا ئېچىنىشنى، يا كۈلۈشنى بىلەلمەي شۈككىدە بولۇشۇپ، ئۈن - تىنسىز بىر - بىرىگە قاراشتى.

— بولدى، سەن نېمە بولدۇڭ، ئۇنداق قىلما، — دېدى سەمەت ئۇستام گۈلخانغا ئېچىنىش ۋە سەسكىنىش نەزىرى بىلەن قاراپ. گۈلخاننىڭ قەلبىدە ئۆچكەن ئوت تۇيۇقسىز يانغاندەك غۇۋا بىر ئۈمىد ئۇچقۇنى پەيدا بولۇپ ئورنىدىن تەستە تۇرۇپ

سەمەت ئۇستامغا باقتى، سەمەت ئۇستام قويۇن يانچۇقىغا قولىنى سالدى. شۇ تاپتا ئىشخانىدىكىلەر: «بۇ ئادەم «ئاجرىشىش گۇۋاھنامىسى»نى ياندۇرۇپ بېرىپ خوتۇنىنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدىغان بولدى» دېگەن ئويغا كەلگەنىدى. ئەمما سەمەت ئۇستام قويۇن يانچۇقىدىن «ئاجرىشىش گۇۋاھنامىسى»نى ئەمەس، بىر بولاق پۇلنى ئالغاندىن كېيىن گۈلخانغا قاراپ، — ئۆزۈڭگە مەلۇم خوتۇن، سېنىڭ ئىشىڭ خەلقئالەمگە پۇر كەتتى. ئەمدى مەن سېنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ يۇمشاق باش دېگەن ئاتنى ئېلىشنى خالىمايمەن، ھەم ئېلىپ كېتەلمەيمەن. ئېلىپ كېتىشىڭمۇ ئورنى قالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئون نەچچە يىللىق ئەر - خوتۇنچىلىقنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى، ئىككى بالىمىزنىڭ يۈزى، رەھمەتلىك قېينانام - قېيناتامنىڭ روھى ئالدىدىكى كۈيئوغۇللۇق قەرزىم ۋە پەرزىم ئۈچۈن ساڭا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم مۇشۇ بەش مىڭ يۈەننى بېرىمەن، — دەپلا پۇلنى گۈلخانىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپلا چىقىپ كەتتى.

كېيىنكى پۇشايمان، يىغا ۋە يېلىنىش كار قىلمىدى، گۈلخانىڭ ئاخىرقى ئارزۇسى يوققا چىقتى. ئۇ بازارلىق ھۆكۈمەت قورۇسىدىن چىقىپ خالىي بىر جاينى تېپىپ «ئاجرىشىش گۇۋاھنامىسى»نى تۇتۇپ مىجىقلاپ ئولتۇرۇپ ئىچ - ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۆزىنىڭ قايسى كۈچ ۋە قانداق بىر ئارزۇ - ئۈمىدىنىڭ تۈرتكىسىدە سەمەت ئۇستامنىڭ ئالدىدا تىزلانغىنىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئەمدى خورلۇق ھېس قىلىشقا باشلىدى. «بىر كۈنلۈك ئەر - خوتۇننىڭ مىڭ كۈنلۈك ئوتى بار» دېگەن گەپ بار. بەلكىم ئاشۇ ئوت ئۇنى تىزلىنىشقا مەجبۇر قىلغاندۇ، گۈلخان تىزلانغىنىغا ئەمدى پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى. ئادەملەر شۇنداق، ۋاقتى ئۆتكەندىن كېيىن ئىلگىرى قىلغان نۇرغۇن ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىدۇ. پۇشايمان قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتا بىخەستەلىك، ئالدىراڭغۇلۇق، نادانلىق ۋە

ئەقىلسىزلىق تۈپەيلى نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. مەھرۇم قالغان نەرسىنىڭ مەڭگۈ ئەسلىگە كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ ياش تۆكىدۇ ۋە ھەسرەت چېكىدۇ. بەلكىم بۇلار ئىنسان ئەقلىنىڭ يارىتىلىشىدىنلا كەمتۈك ئىكەنلىكىنى، ئىنسان ئەقلىنىڭ مەڭگۈ كامالەتكە بەتمەيدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

ئۇيغۇرلاردا ئېرىدىن ئاجراشقان ئاياللار ئۈچ ئايغىچە قايتا ياتلىق بولمايدۇ، بۇنى ئۆرپ - ئادىتىمىزدە «ئىددەت تۇتۇش» دەيدۇ. بۇ سۈننەت، بۇ پەرز ۋە ئادەتنى ئۇلار بىلمەي قالدىمۇ ياكى بىلگەن بولسىمۇ ئۈچ ئاي كۈتۈپ تۇرۇشقا تاقەت قىلماي قالدىمۇ گۈلخان ئاجرىشىپ ئون بەش كۈندىن كېيىنلا بارات بىلەن گۈلخان توي قىلدى. بۇ توي ئاددىي ئۆتكەن بولسىمۇ گۈلخانغا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز روھىي ئازادىلىك ۋە خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. بارات ئون نەچچە ئاغىنىسىنى ناھىيە بازىرىدىكى بىر رېستورانغا چاقىرىپ ئىككى شىرە زىياپەت ھازىرلىدى. كەچقۇرۇن بىر چالا موللا باراتنىڭ ياتىقىدا ئۇلارغا نىكاھ ئوقۇپ قويدى. بۇ توي مانا مۇشۇنداق ھەشەمەتسىز ۋە داغدۇغىسىز ئۆتكەن بولسىمۇ ئۇلار خۇشال ئىدى.

گۈلخاننىڭ قەلبىدە ياشلىقنىڭ زوق - شوقلىرى قايتا ئويغاندى. راست، ئۇ قىز ۋاقتىدا قېرى يىگىتكە تېگىپ ئېرىدىن كۆڭلى - كۆكسى، قەلبى سۆيۈنگۈدەك لەززەت ئالالمىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشەندى ۋە قول قويدى. بارات ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزدى. گۈلخان ئۆزىنى ئون ياش ياشىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، يۈز - كۆزلىرىدىن ياشلىق ۋە شادلىق نۇرلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇنىڭ ھاياتىدا تارتقان ھەممە خاپىلىقلىرى يېڭى توي، يېڭى ھايات ۋە يېڭى تۇرمۇشنىڭ لەززىتى بىلەن بىر يولى ئېسىدىن چىقىپ كەتتى. ھەتتا ئوماق ئىككى بالىسىمۇ ئۇنىڭ يادىدىن چىقىپ كەتتى. قىسقىسى سەمەت ئۇستام

بىلەن ئۆتكەن ئون نەچچە يىللىق ھاياتنى ئۇنتۇلۇپ كەتتى، پۈتۈنلەي ئۇنتۇلۇپ كەتتى، ئەمدى ئۇنى يېڭى - يېڭى بىر تاڭ كۈتۈۋالغانىدى. شۇ يېڭى تاڭنىڭ ئىللىق نۇرى ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى ھۇزۇرلاندۇرۇپ، ئىللىتىپ مەستخۇش قىلىۋەتكەنىدى.

## 8

بىز خەقتە «دەسلەپكى ئىسمىنى ئاتا - ئانىسى قويىدۇ، كېيىنكى ئىسمىنى باشقىلار» دېگەن گەپ بار. كېيىن باشقىلار قويغان ئىسىم لەقەمدۇر. بىز خەقنىڭ ئىچىدە لەقىمى يوقلار يوق دېيەرلىك، بەزىلەرنىڭ لەقىمى ئاتا - بوۋىسىدىن مىراس قالىدۇ. بەزىلەرنىڭ لەقىمىنى باشقىلار شۇ كىشىنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، خۇي - پەيلىگە قاراپ قويۇپ قويىدۇ. بۇ لەقەملەر خۇددى تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاتا - ئانىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن مولللار ئەزان چىللاپ قويغان ئىسمىدەك شۇ ئادەمگە شۇنداق سىڭىپ كېتىدۇكى، بۇ لەقەمنىڭ مەيلى سەت، مەيلى چىرايلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆمۈر بويى قۇتۇلالمايدۇ. ھەتتا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. مۇشۇ تويدىن كېيىن كىشىلەر باراتقا «چاتاق» دېگەن لەقەمنى قويۇپ قويۇشتى. بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بۇ لەقەم باراتقا شۇنداق سىڭىپ كەتتىكى، بارات «بارات چاتاق» دېگەن لەقەم بىلەن بۇ ناھىيە بازىرىدا ھەممىگە تونۇلۇپ كەتتى. ئەرلەر ئۇنىڭدىن «تۇزىنى يەپ تۇزلۇققا چىچىدىغان» ئەبلەخ دەپ ئۆزىنى تارتىشتى، ئاياللارمۇ سوغۇق نەزەر بىلەن قارايدىغان بولۇشتى، قىسقىسى كىشىلەر ئۇنىڭدىن خۇددى ۋابادىن قاچقاندەك قاچىدىغان، ئۇنى ئارىغا ئالمايدىغان، ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە تۇرمايدىغان، بىرگە يول ماڭمايدىغان بولۇشتى. بارات ئۆزىگە سىڭىپ كېتىۋاتقان بۇ

سەت لەقەمدىن ۋە قاتاردىن قېلىۋاتقانلىقىدىن كۆڭلى غەش بولۇ-
ۋاتقان بولسىمۇ، ئامالى يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىگە بۇ لەقەمنى كىم-
نىڭ قويۇپ قويغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇلار خۇشاللىق ئىچىدە
شېرىن ئايلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بولۇپ، ئىشقا چۇشۇشتى.
كىشىلىك دۇنيادا خۇشاللىق بىلەن قايغۇ، بەخت بىلەن كۆز
يېشى بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بىر ئۆمۈر
ھاياتنى خۇشاللىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ پانىي ئالەم بىلەن خوشلىشا-
لايدىغان كىشىلەرمۇ بارمىدۇر؟ مېنىڭچە يوق دېيەرلىك. مانا بۇ
ئىنسان ئەقلىنىڭ مەڭگۈ كامالەتكە يەتمەيدىغانلىقىدىن بولسا كې-
رەك. توغرا، توغرا، ئىنسان ئۆزىگە يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان
بەخت ۋە ئامەت، بالا - قازالاردىن بىر كۈن، بىر سائەت بولسىمۇ
ئالدىن خەۋەر تاپالمايدۇ. يېڭىدىن توي قىلغان بەختلىك
بۇ ئەر - خوتۇنلار ئۆزلىرىنىڭ ئىدارىسىدە خۇشاللىق بىلەن
ئىشلەۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ناھىيىلىك ئەمگەك - كادىرلار
ئىدارىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشتى، تەشكىل ئۇلار-
نى بۇ ناھىيە بازىرى، بۇ كىچىك شەھەردىن يۆتكىۋەتكەنىدى.
يۆتكەلگەن يېرى مۇشۇ ناھىيە بازىرىدىن سەكسەن كىلومې-
تىر نېرىدىكى «قىزىلتام» دېگەن بىر تاغلىق يېزا ئىدى. گۈل-
خان مۇشۇ تاغلىق يېزىلىق سودا كوپېراتىپقا، بارات يېزىلىق
چارۋا - مال دوختۇرخانىسىغا يۆتكەلگەنىدى. بۇ ئىشنى كىم
قىلدى؟ چارۋا - مال دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى ئەسئەتمۇ؟
ياكى سودا كوپېراتىپىنىڭ دىرېكتورى سالمانمۇ؟ ياكى ئەمگەك
كادىرلار ئىدارىسىمۇ؟... كىمنىڭ شۇنداق قىلغانلىقى گۈلخان
بىلەن باراتقا قاراڭغۇ. ئۇلار ھۆتۈت - پۈتۈت دېيىشكە ئامالسىز
ئىدى، ئۇقتۇرۇش چۈشتى دېمەك ئۇلارنىڭ تەقدىرى بەلگىلىنىپ
بولدى دېمەكتۇر. «ياق» دېيىشكە پېتىنالمايتتى، «ياق!» دېسە
ئۆزىگە ئاش - نان بېرىۋاتقان تۆمۈر تاۋاقتىن قۇرۇق قالاتتى.
ئۇلارنى ھازىرقى شارائىتتا ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى ئىدارىلەردىن

ھېچقايسىسى قوبۇل قىلمايتتى. ئۇلارنى تەشكىل ئۆز لىنىيىلد-
ىرى بويىچە يۆتكىۋەتكەنىدى.

— بوپتۇلا، — دېدى گۈلخان ئىچىدە، — مەن خۇددى بۇ دۇنيادىكى ئاياللار قىلمىغان ئىشنى قىلغاندەك ھەممە ئاياللار ماڭا سوغۇق نەزەر بىلەن قارايدىغان بولۇپ قېلىشتى. بۇ يەردە سىقد-لىپ، قورۇنۇپ، تاسقىلىپ يۈرگۈچە ئاشۇ يەرگە كەتسەم كې-تەي، ئۇ يەردە مېنىڭ ئېرىمدىن ئاجرىشىپ تۇتۇلۇپ قالغان ئاشنام بىلەن توي قىلغانلىقىمنى بىلىدىغان كىشىلەر بەلكىم يوقتۇر، توقۇ - لەنەتلەر مۇشۇ يەردە قالسۇن.

بارات ئۆز - ئۆزىگە دەيتتى: كىشىلەر شەھەرگە كىرەلمەي-ۋاتقان، بۇ شەھەرگە كېلىش ئۈچۈن مىڭلاپ پۇل خەجلەپ ئارقا ئىشىكتىن مېڭىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە قارالڭ، مەن ھېچكىم قىلد-مىغان ئىشنى قىلغاندەك، قايسى ئەبلەخ مېنى ئاشۇ تاغلىق يېزىغا پالىۋەتكەندۇر؟ بەلكىم ھېلىقى ئەسئەت دېگەن قېرى قاقۋاش شۇنداق قىلدى! ئاياللار ئازادلىقى، نىكاھ ئەركىنلىكى دېگەنلەر زادى نەدە قالدى. زامانىمىزدا ناخشىچىلار سۆيگۈ، مۇھەببەت ناخشىلىرىنى تېلېۋىزوردا، رېستورانلاردا، سەھنىلەردە، رادىئو-لاردا كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىرىشىپ توۋلىشىۋاتىدۇ. شائىرلار سۆيگۈ - مۇھەببەت ھەققىدە ئاجايىپ ناخشىلارنى، شېئىر - داستانلارنى يېزىشىۋاتىدۇ. يازغۇچىلارچۇ؟ ئۇلارمۇ باشقا گەپ تاپالمىغاندەك، سۆيگۈ - مۇھەببەت توغرىسىدا ھېكايە، پوۋېست، رومانلارنى يېزىشىۋاتىدۇ. ئەجىبا مېنىڭ ماڭغىنىم مۇھەببەت يولى ئەمەسمىكەن؟ مەن ئېرى بار بىر ئايالنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشتىم، ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدىم. ئۇ ئېرى بىلەن ئاجراشتى، مەن نىكاھلاپ ئالدىم، ئاجرىشىپ كەتكەن ئايال بىلەن توي قىلد-شىم گۇناھمىكىن؟ ياكى قانۇنغا خىلاپمىكىن؟ مۇشۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئاشۇ تاغلىق يېزىغا پالىنىشقا ھەقلىقمۇ؟

بارات چاتاق گۈلخانغا قاراپ دېدى:

— ئەمدى قانداق قىلىمىز خوتۇن؟
— قانداق قىلاتتۇق، باشقا كەلگەننى كۆرمەكتىن باشقا ئامال يوق، بۇ يەردىن كېتەيلى، قانچە يىراق بولسا شۇنچە ياخشى. بۇ يەردە سىقىلىپ يۈرگەندىن كۆرە كېتەيلى، قانچە يىراققا بولسا شۇنچە ياخشى. بىز كەتسەك بىزنىڭ ئۈستىمىزدە بولۇۋاتقان پىتنە ـ پاساتلار مۇشۇ يەردە قالىدۇ. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن بۇ ئىشلارنى كىشىلەر ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ، شۇ چاغدا بىز يەنە يول تېپىپ قايتىپ كېلىمىز، بىز ئۈچۈن قەيەردە كۆڭۈل ئازادىلىكى بولسا، شۇ يەر شەھەر، شۇ يەر باغۇ بوستان، بىز ئۇ تاغلىق يېزىغىمۇ كۆنۈپ كېتىمىز.
— بولىدۇ، ئەمىسە خوتۇن، تەييارلىق قىل، — ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ بارات چاتاق بىلەن گۈلخان قىزىلتام يېزىسىغا كېلىپ يېڭى خىزمەت ئورنىغا ئىشقا چۈشتى، ئۇلار يېزىلىق چارۋا ـ مال دوختۇرخانىسىدىن بىر ئېغىزلىق بىر ئىشخانىنى ئېلىپ سەرەمجانلىرىنى قويۇشتى. ئۇلارنىڭ كۆپ بىساتىمۇ يوق ئىدى. «ئېيىق بولسىمۇ ئېرىم بار، گەمە بولسىمۇ ئۆيۈم بار» دېگەندەك، گۈلخان ئۆينى ئوبدان سەرەمجانلاشتۇردى. گۈلخان ناھايىتى خۇشال ئىدى، لېكىن بارات چاتاق ئىچىنى تىڭشاپ قالدى، گۈلخان ئۇنى خۇشال قىلىشقا تىرىشاتتى. ئۇ سەمەت ئاخۇن ئۇستام ھېلىقى ئاجراشقان كۈنى بەرگەن بەش مىڭ يۈەنگە موتسىكىلىتتىن بىرنى ئېلىپ بەردى. بارات ئىشقا بارغاندا موت-سىكىلىتنى غارقىرىتىپ مىنىپ باراتتى، ئىشتىن غارقىرىتىپ مىنىپ كېلەتتى، قاچان بولمىسۇن ئۇنىڭ ئاش ـ تامىقى تەييار، بەزىدە بارات موتسىكلىت بىلەن ناھىيە بازىرىغا كېتىپ بىر ـ ئىككى كۈن تۇرۇپمۇ كېلەتتى. بۇ يېزا مەركىزىدە بىر چوڭ مەسچىت بولۇپ، مەسچىتنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىدىكى مۇناردىن ھەر كۈنى بەش ۋاخ ئەزان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
لېكىن، مەسچىتنىڭ ئارقىسىدىكى بىر دوقمۇشتا بىر قاۋاق-

خانا بولۇپ، ئىشكى كىچە ـ كۈندۈز ئوچۇق ئىدى، بەزىلەر مەسچىتكە ماڭسا، بەزىلەر مۇشۇ قاۋاقخانىغا مىڭىشاتتى. بارات مۇشۇ قاۋاقخانىغا ئۆگىنىۋالدى. ئۇ بوش ۋاقىتلىرىنى مۇشۇ قاۋاقخانىدا يېڭى تونۇشقان دوستلىرى بىلەن ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ شىر كەيپ بولغان چاغلىرىدا «خانلەيلۇن»نى بولۇشىغا توۋلاپ ئۆتكۈزەتتى. ھەش ـ پەش دېگۈچە ئالتە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. گۈلخاننىڭ قورسىقىمۇ يوغىناپ قالدى، بەزىدە گۈلخان ئەركىلەپ «بارات، سىز پات يېقىندا دادا بولىسىز جۇمۇ» دەپ قوياتتى.

## 9

يېزا قاۋاقخانىسىدا ئىچىشۋازلىق تازا قىزىپ كەتتى، تۈن يېرىمغا يېقىنلاشقان بولسىمۇ بارات دوستلىرى بىلەن ھەدەپ خۇشكەتتى قىلىپ قىزىق پاراڭلار بىلەن ئولتۇرۇشاتتى. بۇ يەردە بىر شىرەنى چۆرىدەپ ئون نەچچە ئادەم ئولتۇرغان بولۇپ، بارات دېمەتلىك ياش كادىرلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە مۇشۇ يېزىلىق دېھقان ياشلىرىمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى مەست بولۇپ، كۆزلىرى خۇمارلاشقانىدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىر ـ بىرىگە دوستلۇق، كۆڭۈل ئىزھار قىلىشسا، بەزىلىرى دىمىغىدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. ھېچكىم ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايتتى.

باراتنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئەمەت دېگەن بىر يېزا يىگىتى تۇساتتىن بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

— نېمە بولدۇڭ؟ نېمىگە يىغلايسەن؟ — دېدى بارات ئۇنىڭ دولىسىنى تۇرتۇپ، — نېمىگە يىغلايسەن؟ خۇددى خوتۇن كىشىدەك، نېمە دەردىڭ بولسا ماڭا، ماڭا ئېيت، مەن ساڭا، مانا مەن ساڭا ياردەم قىلىمەن، دەردىڭگە يېتىمەن، ئەگەر بىرى بوزەك قىلغان بولسا ئۇنىڭ خامىرىنى ئېزىۋېتىمەن، يا، يا، ياكى

مىجىۋېتىمەن. بىرەر قىز بالىغا كۆيۈپ قالمىغانسەن، ھەقىچان؟

— مە… مې… مېنى كىم بوزەك، بوزەك قىلالايتتى، — دېدى ئەمەت. — مەن دېگەن مۇشۇ قىزىلتامدىكى ئەمەت نوچى دېگەن بولىمەن. با… با… بارات ئۇكا، — ئۇ دۇدۇقلاپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — قىز… قىز بالىغا كۆيۈپ قالدىم. لېكىن بۇ قىزىلتامدا مەندەك بەختسىزدىن نەچچىسى بار دەيسەن، پەقەت مەن، پەقەت مەن.

… كىم سېنى بەختسىز دەيدۇ؟ — دېدى بارات، — تاغدا چارۋىلىرىڭ، ئۆيدە ھارۋاڭ بار، تېرىيدىغان يېرىڭ، مېۋىلىك بېغىڭ، چىرايلىق خوتۇنۇڭ بار، ساڭا يەنە نېمە لازىم، خۇدا ساڭا يەنە نېمە بەرسە رازى بولارسەن.

— ھازىر ماڭا ئۇ نەرسىلەرنىڭ كېرىكى يوق… خۇ… خۇدايىم مەندىن بىر نەرسىنى ئايىدى، ماڭا بىر نەرسىنى بەرمىدى، سەن تېپىپ باقە، بارات ئۇكا، بۇ مەن ئۇچۇن ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئەتىۋارلىق نەرسە ئىدى، ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئىدى.

— ساڭا غايىبتىن بىر كوزا ئالتۇن بەرسە رازى بولامتىڭ؟

— ياق!

— ئۇنداق بولسا، ماشىنا.

— ياق!

— پويىز ياكى ئايروپىلان.

— ياق! ياق، سەن تاپالمىدىڭ.

— ئەمىسە ساڭا نېمە لازىم؟! ئۇنىمۇ ـ بۇنىمۇ ياق دەيسەن.

— ماڭا ئاللا ئىگەم بىر بالا بەرمىدى، ئاڭلا مېنىڭ بالام يوق، ئىز باسارىم يوق، ئۆلۈپ كەتسەم جىنازامنىڭ ئالدىدا «ۋاي، دادام!» دەپ يىغلاپ ماڭىدىغان، تۇپراق بېشىدا «دادام قانداق كىشىتى؟» دەپ سورايدىغان كىشىمۇ يوق. مەن بەختسىز بولماي، كىم بەختسىز بولسۇن. قۇي، ھوي بارات ئۇكا قۇي،

لىقلاپ قوي، مەن مۇشۇ دەردلەر، مۇشۇ ھەسرەتلەر ئۈچۈن ئىچەي! مەندەك ئون نەچچە يىل بىر خوتۇن بىلەن ئۆي تۇتۇپ بالا يۈزى كۆرمىگەن بەختسىز ئەرگە قوي، قېنىپ، قېنىپ ئىچەي، مېنىڭ كۆڭلۈم يېرىم ئۇكا، ئولتۇرسام - قوپسام ئوي-لايدىغىنىم بالا، ئۇخلىسام چۈشۈمگە كىرىدىغىنىمۇ بالا.

— ۋاھ، ئەمەتكا شۇنىڭغىمۇ غەم قىلامسەن؟ بۇ ئاسان گەپ، ئاسان گەپ، — بارات قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

— قېنى ماڭا بىر دېگىنە، سىلەر زىيالىي خەققۇ كۆپنى بىلىسىلەر. بىز دېھقان خەقزە··· ئۆزۈڭمۇ بىر دوختۇر، ئەگەر بىرەر ئامالىنى دەپ بەرسەڭ ئۇنۇمىنى كۆرۈپ مۇرادىمغا يەتسەم ساڭا بىر ئات مىندۈرۈپ قويىمەن.

— ھەي ئەمەتكا، —دېدى بارات خىرقىراپ كۈلۈپ، — دورىسى، ئامال دېگەن مەن، بۇنىڭ نېمىسى تەس، سەن خوتۇ-نۇڭنى بىزدەك خوتۇن ئېلىپلا بالا تاپالايدىغان نەسىللىك ئەركەك-لەرگە بىر ئاخشام بەرسەڭ بالىلىق بولۇپلا قالىسەن، بىر ئاخشام پەقەت بىر ئاخشام!

— نېمە؟ نېمە دېدىڭ؟ يەنە بىر دېگىنە.

— سەن خوتۇنۇڭنى ماڭا بىر ئاخشام بەرسەڭلا بولىدۇ، مەن بىر كېچىدىلا ساڭا بىر ئوغۇل تېپىپ بېرىمەن، —باراتنىڭ بۇ مەسخىرىسىدىن ئەمەتنىڭ غۇرۇرى قاتتىق ئازار يېدى ۋە مەستلى-كى بىردىنلا يېشىلىپ كەتتى بولغاي، قولىدىكى رومكىنى شىرە ئۈستىگە تاققىدە قويۇپ غەزەپ بىلەن دېدى:

— سەن نېمە··· نېمە دېدىڭ؟ ھۇ! تۈزكور، بىزنىڭ بۇ قىزىلتامدا ئوغۇل بالا تۇرۇپ قىز ئالماي جۇۋان ئالىدىغان، خوتۇننى تارتتۇرۇپ قويىدىغان سەمەتتەك يۇمشاق باشلار، خەق-نىڭ بالىسىنى مېنىڭ بالام دەيدىغان سەندەك خومسىلار يوق. سەن بارات چاتاق تېخى خوتۇنۇڭنىڭ قورسىقىدىكى بالىنى مېنىڭ دەمسەن؟ باشقىلارنىڭ بالىسىنى باقىدىغان ھەزىلەك دېگەن سەن،

سەن بىلمىسەڭ بىلىپ قوي. بىز خەقلەرنىڭ ئېرىدىن ئاجراشقان ئاياللىرى، ئۈچ ئايغىچە ئەرگە تەگمەيدۇ. ئۇنى «ئىددەت تۇ-تۇش» دەيدۇ، ئىددەت تۇتمىغان خوتۇننى ئېلىش هارام. نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىدۇ بىلەمسەن؟ خوتۇن كىشىنىڭ ئالدىنقى ئېرى-دىن بالىسى بولۇپ قالسا ئۈچ ئاي ئىچىدە مەلۇم بولىدۇ. دېمەك بالىنىڭ دادىسىنىڭ كىملىكى ئاشكارا بولىدۇ دېگەن گەپ. سېنى بىزنى بىلمەيدۇ دېمە، سەن خوتۇنۇڭنى ئېرىدىن ئاجرىشىپ ئون نەچچە كۈندىن كېيىنلا ئالدىڭ، سەن تېخى ئۆزۈڭنى مەن نەسىل-لىك ئەر دەيسەن، گۈلخاننىڭ قورسىقىدىكى بالا كىمنىڭ؟!

— مېنىڭ، مېنىڭ، — دېدى بارات.

— ياق! سېنىڭ ئەمەس، — دېدى ئەمەت، — ئۇ سەمەت شوپۇرنىڭ بالىسى، قاراڭلار هوي، هەي ئاغىنىلەر ماۋۇ بارات چاتاق خەق تاپقان بالىنى مېنىڭ دەيدۇ، — ئەمەت مەسخىرە قىلىپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

— خوشە! ئىچەيلى! سەمەت شوپۇرنىڭ بالىسى ئۈچۈن ئىچەيلى، — دېدى يەنە بىرى.

— بارات چاتاق، بارات خۇمسى ئۈچۈن ئىچەيلى!

— «ئىددەت» تۇتمىغان خوتۇننى ئالغان چاتاق ئۈچۈن ئى-چەيلى.

— ئاغزىڭنى يۇمۇش، — دېدى بارات غەزەپ بىلەن ۋارقى-راپ.

— ما، مانى قاراڭ، — دېدى ئەمەت باراتنى مەسخىرە قى-لىپ، — خەقنىڭ بالىسىنى مېنىڭ دەيدىغانلارمۇ شۇنداق كۆكە-مە بولامدۇ؟

بارات ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئەمەتنىڭ ئاغزىغا قاس قى-لىپ بىر مۇشت ئۇردى. ئەمەتنىڭ ئاغزى - بۇرنىدىن قان كەتتى. ئەمەتمۇ بوش كەلمەي مۇشت ئاتتى، ئىككىسى بىر دەمدىلا قاراس - قۇرۇس مۇشتلىشىپ كەتتى. ئۇلار قاۋاقخانا ئىچىدىكى

قوسوقلار ئۈستىدە پومىداقلىشىپ كەتتى. شۇ تاپتىكى بارات بىلەن ئەمەت ئىت تالاشتۇرۇش مەيدانىدىكى بىر ـ بىرى بىلەن ئېلىشىۋاتقان ئىككى غالجىر ئىتقا ئوخشاپ قالغانىدى. باشقىلار «هاي، هاي!» دېمەكتە يوق ھەدەپ قىقاس ـ چۇقان بىلەن «ئۇر، يەنجى، مىجىۋەت» دېيىشەتتى. بىر دەمدىن كېيىن مەستە-لەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. بەزىلەر باراتقا مەدەت بەرسە، بەزىلەر ئەمەتكە مەدەت بېرىشەتتى. ئەمەت بىلەن بارات بىردەم بىرى ئۈستىگە چىقسا، بىردەم يەنە بىرى ئۈستىگە چىقاتتى، بىر ـ بىرىنى ئۇراتتى، تىللايتتى، چىشلەيتتى.

بىر چاغدا ھەر ئىككىسى ھالىدىن كەتتى، قاۋاقخانا خوجايى-نى بىرنەچچە ئادەمنى باشلاپ كىرىپ ئۇلارنى ۋارقىراپ تاپنى سۆرىگەندەك سۆرىگەنچە قاۋاقخانىدىن خېلى نېرىدىكى بىر ئېرىق ئىچىگە تاشلىۋەتتى.

بارات ئېسىگە كەلگەن چاغدا قۇياش كۆتۈرۈلۈپ تاڭ ئاتقان ئىدى. سەلكىن سەھەر شامىلى تەنگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ئۇ يېنىغا قارىدى، ھېچ كىشى يوق، ئورنىدىن تۇرۇپ باش ـ كۆزلىرىدىكى توپا ـ توزانلارنى قاقتى. بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىۋا-تاتتى، كۆڭلى ئېلىشىپ، يۈرەكلىرى قۇرۇپ ـ قاغجىراپ كەت-كەندەك ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ بىر چىنە سۇيۇقئاشنى خالاپ قالدى، بولغاندا بۇ ئاش سۇيۇقراق بولسا، ئاچچىقسۇسى، لازىسى... ئۇ بىردىن مادارسىزلىنىپ قومدا ئولتۇرۇپ قالدى ۋە ئاخشامقى بولۇنغان گەپلەر ئېسىگە كەلدى.

— مەن، — دېدى ئىچىدە بارات، — شۇنداقلا بىر چاقچاق قىلىپ دەپ قويسام ھېلىقى ئەمەت دېگەن خومسى ئۇنى قېتىغا ئېلىپ كەتتى، مەنمۇ زە... ھەي، مەستلىك پەسلىك دېگەن شۇدە، «ھايۋان نېمىنى يېمەيدۇ، مەست نېمىنى دېمەيدۇ». راست، بىز توي قىلغىلى نەق ئالتە ئاي بولدى، گۈلخانمۇ بالا ئالتە ئاي بولدى دەۋاتاتتى، توغرا، توغرا، كىم بىلدى، بىز ئىددەت تۇتماپتۇق،

بۇ ئىشنى ئەمەت دېگەن قوڭالتاق بىلگەن يەردە باشقىلار بىلمەم-تى، قارىغاندا بىزنىڭ ھېلىقى «ئىددەت» دېگەن ئۇچ ئاينى ئۆتكۈزمەيلا توي قىلغىنىمىزنى پۈتۈن ناھىيە، پۈتۈن قىزىلتام-لىق بىلىدىكەندە. «ئۆز ئەيىبىڭنى بىلەي دېسەڭ قوشناڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ باق» دېگەن گەپ بار، بۇگۈن ئەجەب بولدى دېسە. مەن ئاشۇ «ئىددەت تۇتۇش» دېگەننى نېمىشقا بىلمىدىم؟ مەنغۇ بىلمەي، گۈلخان نېمىشقا بىلمەيدۇ؟! ئۇ دېگەن ئەرگە تەگكەن، ئىككى بالا تۇغقان، ئانا بولغان خوتۇن تۇرسا، ئۇ چوقۇم بىلىدۇ، بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئاجرىشىپ 15 كۈن ئۆتكەندە توي قىلىشقا ماقۇل دەيدۇ، ئۇ ئاشۇ سەمەت دېگەن قېرى كالىدىن بولغان بالىغا مېنى دادا قىلىش ئۈچۈن ئىددەت تۇتمايلا ماڭا تەگكەن. قورساق-تىكى بالا مېنىڭ بولماي راستىنلا ئاشۇ قېرى كالىنىڭ بولسا... بارات كۈندەشلىك ۋە خورلۇقتىن ئىغىر ئۇھ تارتىۋەت-تى، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ ئاچچىق ئەلەم بىلەن ئورنىدىن تۇردى-دە، گۈس - گۈس دەسسەپ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

گۈلخان ئاخشام باراتنى ھېلى كىرىپ قالار، مانا كىرىپ قالار دەپ تا تۈن يېرىمگىچە ئولتۇرۇپ، ئاندىن ئۇخلاپ قالغاند-ى. سەھەر تۇرۇپ قاۋاقخانا ئالدى ۋە ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرد-نى ئىزدىدى، دوستلىرىدىن سورىدى، ھېچقايسىسى «كۆردۇق» دېيىشمىدى، ئۇ ئاخىر ئۆيگە كىرىپ بىردەم ساقلاپ تۇراي، ئەگەر كەلمىسە يەنە بىر ئىزدەپ باقاي دەپ تۇراتتى، بارات كىرىپ كەلدى.

— ۋاي نەگە باردىلا؟! كېچىنىڭياغى نەدە يۈردىلە، مەن كېچىچە يوللىرىغا قاراپ ئولتۇردۇم، سەھەر تۇرۇپ يەنە...

— يەنە نېمە؟ — بارات غەزەپ بىلەن گۈلەيدى، — يەنە - يەنە دەپ تىلىڭنى چاينايسەنغۇ؟!

— سىلە... سىلە... — گۈلخان باراتنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ گېپىنىڭ داۋامىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى، باراتنىڭ قەلبىدە توينىڭ

ئالدى ـ كەيىندە پەيتىلگەن مۇھەببەت ۋە مېھرى ـ شەپقەت مانا بىر كۈن، بىر دەقىقە ئىچىدە غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن ئالماشتى، ئىنسان قەلبى ئەنە شۇنداق تۇراقسىز ئىكەن، ھېسسىيات ۋە مۇھەببەت، غەزەپ ۋە نەپرەت، مېھرى ـ شەپقەت دېگەنلەرمۇ مۇشۇنداق تۇراقسىز نەرسە بولسا كېرەك، — نىمانچە قىلىلا، ئۆزلىرى كېچىچە نەلەردە يۈرۈپ ئەمدى...

— نەلەردە يۈرۈپ دەيسىنا! ؟ هوي قېرى قانجۇق. مەن نەلەردە يۈرۈپتىمەن، مەن كېچىنىڭياغى نىمە كۈنلەرنى كۆردۈم، نىمە خورلۇقلارنى كۆردۈم. سەن بىلەمسەن ھە، بىلەمسەن؟

— نىمە كۈننى كۆرەتتىلە؟ ھاراق ئىچكەنلا، بىرەر دوستلىرىنىڭ ئۆيىدە، ياكى ئۇچرىغان بىر يەردە يېتىپ تاڭنى ئاتقۇزۇپ كىرگەنلا، يەنە نىمە كۈن بولاتتى.

— مېنى كىشىلەر خورلىدى، تىللىدى، ھاقارەت قىلدى بىلەمسەن؟ ھاقارەت قىلدى. سەن قانجۇق ماڭا يار يېلىمدەك چاپلىشىۋالمىغان بولساڭ مەن بۈگۈنكى كۈندە شەھەردىن ئايرىلاتتىممۇ، مۇشۇ يەرگە كېلىپ نەدە بىر قوڭالتاقلار ئالدىدا خورلىنىپ، خارلىنىپ تاياق يەپ يۈرەتتىممۇ؟ ئەمدى مېنىڭ بۇ قىزىلتامدا تۇرغۇچىلىكىم قالمىدى، ئېيتە گۈلەك، قورسىقىڭدىكى بۇ بالا كىمنىڭ؟ مېنىڭمۇ ياكى ھېلىقى سەمەت دېگەن قېرى كالىدىن قالغان ساقىندىمۇ؟ راستىنى ئېيت!

گۈلخان باراتنىڭ بۇ تەلۋىلىكىدىن ھەيران قالدى ۋە غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، خورلۇق ھېس قىلغان بولسىمۇ يەنە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ دېدى:

— نىمە بولدىلا، توساتتىن غەزەپلىنىپ بۇنى سوراپ قاپلىغۇ؟ بالا سىلىنىڭ بولماي كىمنىڭ بولاتتى، بالا دېگەن دادىنىڭ بولىدۇ. بۇ ئۆزلىرىنىڭ پۇشتى، نىمە سىلە ئىمانلىرىدىن چىقتىلا، ئۆزىچە گۇمانلىنىپ قاپلىغۇ؟ ! يامان بولىدۇ جۇمۇ دادىسى.

— بىز توي قىلغىلى نەچچە ئاي بولدى؟

— ئالتە ئاي.
— بالا قورسىقىڭدا نەچچە ئايلىق بولدى؟
— شۇ كۈنى قاپتىكەن ئالتە ئاي بولدى.
— مانا، — دېدى بارات، — كىشىلەرنىڭ دېگىنى راستىكەن.
— نېمىسى راستىكەن، — گۈلخان باراتقا قاراپ چېچىلدى، — ئېيتسىلا غوجام قېنى، نېمىسى راستىكەن؟
— ئەسلىدە ئېرىدىن ئاجراشقان ئايال ئۈچ ئايغىچە ئەرگە تەگمەيدىغان، بۇنى «ئىددەت تۇتۇش» دەيدىكەن. سەن بۇ ئىددەتنى تۇتماپسەن، بۇ بالا سەمەت بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بالا ئىكەن، بىز 15 كۈندىن كېيىنلا توي قىپتۇق، ئاھ، خۇدا، مەن ئەمدى ئۆمۈر بويى ھەسرەتتە ئۆتىدىغان بولدۇم، بۇ بالىنى مەن قانداقمۇ ئۆز بالام دېيەلەيمەن، بۇ بالا مېنىڭ ئەمەس، شۇنداقمۇ؟! سەن ئالدامچى قېرى قانجۇق، مېنى ئالداپسەن، راستىنلا ئالداپسەن، بۇ بالىنى بۇگۈنلا ئالدۇرۇۋەت، بۇ بالا تۇغۇلمىسۇن، ماڭا مۇنداق بالىنىڭ كېرىكى يوق، سېنىڭمۇ كېرىكىڭ يوق. يوقال كۆزۈمدىن، — بارات گۈلخاننى «چاڭ» قىلىپ بىر تەستەك ئۇردى، — يوقال! كۆزۈمدىن يوقال!

گۈلخان باراتنىڭ مۇنداق قىلىشىنى، مۇنداق دېيىشىنى، بىردەمدىلا يۈز ئۆرۈپ ۋاپاسىزلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بېغىشلىغان ھاياتى ۋە قەلبىنى، مۇھەببىتىنى خورلىشىنى ئويلاپ باقمىغان ئىدى. ئۆز پۇشتىدىن تامغان يۈرەك پارىسىنى ئېتىراپ قىلمىغان ئەرنى قانداق ئەر دېگىلى بولسۇن، گۈلخان مۇشۇ ئادەم، مۇشۇ بارات ئۈچۈن قېرى بولسىمۇ قەدىناس ئېرىدىن، ئىككى بالىسىدىن، ئىللىق ئائىلىسىدىن مەھرۇم بولغان ئەمەسمىدى؟ ھەممىنى مۇشۇ يىگىت ئۈچۈن قۇربان قىلغان ئەمەسمىدى؟

ئەمدى ئۇ «خېتىڭنى ئال» دەۋاتىدۇ، مۇنداق ئەرگە ئىشىنىپ بولامدۇ؟ ئۇ بالىسىدىن تانسا كەلگۈسىدە بۇ بالىنى گۈلخان

كىمنىڭ بالىسى دەيدۇ؟ بالا ئۇچۇن ئاتا كېرەك ئەمەسمۇ؟

ئۆزى كۆيگەن ۋە چىن دىلىدىن سۆيگەن ئەر ئەمدى گۇلخاننىڭ كۆزىگە ئادەم ئەمەس بىر غالجىر ئىت، بىر ۋەھشىي ھايۋان سىياقى كۆرۈنمەكتە ئىدى، بولۇپمۇ «قېرى قانجۇق» دېگەن بىر جۈملە سۆز ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىۋەتتى. بارات شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىگە بىر زەھەرلىك يىلاندەك كۆرۈنۈپ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.

مۇھەببەت سەۋەبىدىن بۇ ئالەم يارالغان، مۇھەببەت سەۋەبىدىن ۋاپا ۋە مېھرىبانلىق، كۆيۈنۈش پەيدا بولغان، مۇھەببەت سەۋەبىدىن بۇ ئالەمدە يەنە تراگېدىيە پەيدا بولغان.

گۇلخاننىڭ سەۋر قاچىسى «ۋاڭ» قىلىپ يېرىلدى. قەلبىدىكى مۇھەببەت خورلۇق دەستىدىن نەپرەتكە ئايلىنىپ پارتلاپ چىقتى:

— ھۇ! ۋاپاسىز پەس تېجىمەل، — دېدى گۇلخان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ قولىنى شىلتىپ، — سەن، سەن كىمنى بوزەك قىلماقچى؟ كىمنى خارلىماقچى؟ قايسى پوق يېگەن كۆڭلۈم مېنى ئازدۇرغان بولغىيدى؟ مەن ئازغان، مېنى شەيتان ئازدۇرغان. بولمىسا بىر ئوبدان ئەردىن چېنىپ ساڭا تېگەرمىدىم، سەن تېخى ئۆز پۇشتۇڭدىن تامغان بالىدىن تانماقچىمۇ؟ سەن تانالمايسەن، تانالمايسەن.

بۇ گەپ بىلەن باراتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. غەزەپتىن چىشلىرى كىرىشىپ ۋۇجۇدىدىكى تەلۋىلىك ۋە غالجىرلىق غەلىيان كۆتۈردى. ئۇ توشقاننى قاماللىغان ئوۋ ئىتىدەك گۇلخاننىڭ چېچىدىن قاماللاپ تۇتۇپ غەزەپ بىلەن يەرگە باستى -دە، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە مۇشتلاپ، تېپىپ، دەسسەشكە باشلىدى، گۇلخان ئۇر - تېپىك ئاستىدا ۋارقىراپ - جارقىراشقا باشلىدى. بارات بۇ ئېغىر بوي ئايالنى قىلچە ئاياپ ئولتۇرمىدى، ئۇ ئۇرۇۋېتىپ تىللايتتى:

— بالىنى چۈشۈرۈۋەت، خېتىڭنى ئال! بۇ مېنىڭ بالام ئەمەس، ئەمەس، — بارات بىر چاغدا ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئۇرۇشتىن توختاپ، ئىڭراۋاتقان گۈلخاننى ئۆيگە تاشلاپ، موتسىكلىتنى ئوت ئالدۇرۇپ مىنگەن پېتى ناھىيە بازىرى تەرەپكە يول ئالدى.

ئۇ شۇ كەتكەنچە ناھىيە بازىرىدا مەيخانىلاردا مەي ئىچىپ مەست - ئەلەس ھالدا دەلدەڭشىپ يۈرۈپ ئۈچىنچى كۈنى قىزىلتامغا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا شۇ كۈنكى تاياق دەستىدىن ئالتە ئايلىق بولغان ئوغۇل بالىسى بويىدىن ئاجراپ كەتكەن گۈلخان يېزا دوختۇرخانىسىدا جىددىي قۇتقۇزۇشتا ئىدى. گۈلخان يېزا دوختۇرخانىسىدا ساق قىرىق كۈن ياتتى، قىرىق بىرىنچى كۈنى ياتاقتىن چىقىپ، باراتنىڭ يېلىنىپ يالۋۇرۇشلىرىنى رەت قىلىپ ئاجرىشىپ كەتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ گۈلخان ئاشۇ مېھرىبان، كۆيۈمچان، ياۋاش، دىلى يۇمشاق سەمەت ئۇستىنى ۋە ئوغلى بىلەن قىزىنى ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدى. قارىغاندا ئىنساننىڭ تۇرمۇشتىن كۈتىدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ بولسا كېرەك، ئادەم بالىسى بۇ ئالەمگە كېلىپ، يەنە مۇشۇ ئالەمنى چۈشەنمەي ئۇ ئالەمگە كېتىدىغان ئوخشايدۇ.

## 10

ئۇزۇنغا سوزۇلغان دۆڭ - يوتىلار، كۆككە باش تىرىگەن، ئۈستى ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان ھەرە چىشلىق تاغلار ئارىسىدىكى ئەگرى - بۈگرى ئېگىز - پەس تاشيولدا سەمەت ئۇستام ئۈستىگە لىقمۇ لىق كۆمۈر بېسىلغان «شەرق شاملى» ماركىلىق ماشىنىنى ھەيدەپ كەلمەكتە.

مانا ئۇ گۈلخاندىن ئاجراشقىلى بىر يىل بولاي دەپ قالدى.

ياز ئۆتۈپ زىمىستان قىش يېتىپ كەلدى. كۈنلەر ئۆتمەكتە. ئانىسىدىن ئايرىلغان 14 ياشلىق مەخمۇت بىلەن 12 ياشلىق مېھرى دادىسى بىلەن بىرگە هايات كەچۈرمەكتە.

ئىككى بالا ئانىسىنى ئەسلەيتتى، تاتلىق - تاتلىق تاماق يېگۈسى كېلەتتى. كىملەرگىدۇر ئەركىلىگۈسى كېلەتتى. ئۇلار-نىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولسىمۇ قانداقتۇر بىر نەر-سىسى يوقتەك ھېس قىلىشاتتى. لېكىن نېمىسى يوقلۇقىنى، تۇرمۇشتا نېمىسى كەملىكىنى بىلەلمەيتتى.

ئۇلار ئانىسىنىڭ قانداقتۇر دادىسىغا ياقمايدىغان بىر ئىشنى قىلىپ قويۇپ، شۇ تۈپەيلىدىن ئاجرىشىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن-لىكىنى، يەنە بارات دېگەن بىرىگە ياتلىق بولۇپ ئاشۇنىڭ كەينى-دىن يىراق بىر يەرگە كەتكەنلىكىنى بىلەتتى، ئۇلارنىڭ بالىلىق شوخلۇقى يوقالدى. ئويۇن - كۈلكىدىن قالدى. خۇددى چوڭ ئادەملەردەك غەمكىن ۋە روھى چۈشكۈن ئىدى. يازلىق تەتىلدە سەمەت ئۇستام ئىككى بالىسىنى كەينىگە ئېلىپ ئۆزى نەگە بارسا شۇ يەرگە ئاپىرىپ ئوينىتىپ كۆڭلىنى خۇشال ئۆتكۈزدى. ياز-لىق تەتىلمۇ تۈگىدى، بالىلار مەكتەپكە ماڭدى. سەمەت ئۇستىنى يەنە غەم باستى، چۈنكى ئۇ شوپۇر، ماشىنىنى ھەيدەپ چىقىپ كەتسە، ئاز دېگەندە بىر قونۇپ، بولمىسا بىرنەچچە قونۇپ قايتىپ كېلەتتى. مۇشۇنداق چاغلاردا ئىككى بالا ئۆيدە قالاتتى، نېمە ئامال؟ ئۇ مۇشۇ ئىشنى قىلىشى كېرەك، ئۇ شوپۇرلۇقنى تاشلاپ باشقا ئىش قىلىش، ھەر كۈنى ئىدارىدە بولۇپ، ئەتىگەن - ئاخشامدا بالىلىرىغا قاراش توغرىسىدا رەھبەرلىككە ئىلتىماس سۇندى ۋە يەنە ئىدارىدە باشقا ئىش بولمىسا پېنسىيىگە چىقاي، دەپمۇ يېلىندى. رەھبەرلىك ئۇنىڭغا: «ئالدىرىماڭ، بىز ماقۇل دېگەن بىلەن ئەمگەك - كادىرلار ئىدارىسى پېنسىيىگە تەستىقلى-مىسا بىكار، توختاپ تۇرۇڭ. ھازىر ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش دولقۇنى قوزغىلىپ كەتتى، ھازىر

ئىدارىدا ئىشتىن ئادەم كۆپ، مائاشتىن ئايرىلىپ قالسىڭىز بولماس، سىز ياشانغان ئادەم، يا بېشىڭىزنى ئوڭشاپ قويارمىز. ئېپىدە بىر لايىق تېپىلىپ قالسا غاچچىدە توي قىلىۋېلىڭ. بۇنىڭدا ھەممە ئىش ھەل بولىدۇ، توختاپ تۇرۇڭ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن سەمەت ئۇستام بىر - ئىككى كۈنلۈك سەپەرگە ماڭغاندا باللارغا يەتكۈزۈپ يېمەكلىك تەييارلاپ بېرىپ، قولىغا پۇل بېرىپ ماڭىدىغان، بەزىدە ئىككى كۈنلۈك يولنى كېچە - كۈندۈز مېڭىپ بىر كۈندە بېسىپ قايتىپ كېلىدىغان بولدى.

كىشىلەر سەمەت ئۇستىغا بىر نەچچە لايىق تاپتى. لېكىن سەمەت ئۇستام ئۇنىمىدى، ئۇ يېڭى خوتۇنىنىڭ باللارنى ئۆگەيلىشىدىن قورقاتتى. لېكىن باللارغا قارايدىغان ئادەم بولمىسا بولمايتتى. «ئەر خەق دېگەن بۇ ئالەمدە ئاياللارغا بېقىنىپ ياشايدىغان ئوخشايدۇ، — دەيتتى سەمەت ئۇستام ئىچىدە، — باشقىسىغىمۇ مەيلى، مۇشۇ كىر - قات يۇيۇش، تاماق ئېتىش، قازان - قاچا يۇيۇش، دېگەنلەرنىزە··· خوتۇن كىشى بولمىغان ئۆي بەئەينى دوزاخ ئىكەن، قانداق قىلىش كېرەك، شوپۇر دېگەن يولدىكى ئادەم تۇرسا.» ئۇ ئويلا - ئويلا ئاخىر كىر قات يۇيۇپ تاماق ئېتىدىغان، باللىرىغا قارايدىغان بىر خىزمەتكار ئېلىش قارارىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئەقلىدىن قالتىس سۆيۈنۈپ كەتتى.

ئۇ گۈلخاننىڭ ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى، باراتنىڭ ئۇنى قىزىلتام يېزىسىدا تاشلاپ، باشقا بىر يېزىغا كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان بولسىمۇ يارىشىۋېلىشنى خالىمىدى. ئۇ كۆڭلىدە گۈلخاننى كەچۈرمەيتتى.

ئۇنىڭ قولى رولدا، كۆزى يولدا بولسىمۇ پۈتۈن خىيالى باللاردا ئىدى. ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىلى نەق ئۈچ كۈن بولدى. ئۇ بۈگۈن بېرىپلا ئائىلە خىزمەتچىسى تاپماقچى، ئەگەر تاپالمىسا يالغاندىن كېسەل بولۇۋېلىپ ئۆيدە ياتماقچى بولدى. ئۇ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنىدى.

ئۇ شۇ خىياللار بىلەن كېتىۋاتقاندا قارشى تەرەپتىن بىر جىپ ماشىنا ئۇچقاندەك كېلىپ ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئاستىلاپ توختىدى، سەمەت ئۇستام جىپنىڭ نومۇرىغا قاراپلا ئۆز ئىدارىسىنىڭ ماشىنىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ توختىدى، جىپمۇ توختىغانىدى. جىپتىن سالمان جۇيجاڭ بىلەن ناھىيىلىك ماشىنا ئەترىتىنىڭ سەمەتكە تونۇش بولغان شوپۇرى ئەخمەت چۈشتى.

«ئۇلار نېمىشقا كەلگەندۇ!» سەمەت ئۇستامنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. ۋە كابىنكىدىن چۈشۈپ ئۇلار بىلەن سالاملاشتى.

— سىلە بۇ تەرەپكە كېلىپ قاپسىلەرغۇ؟

— شۇنداق سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كەلدۇق!

— نېمە؟ مېنىڭ ئالدىمغا؟

— شۇنداق، ئەنسىرەپ كەتمەڭ.

— بالىلىرىمغا بىر ئىش بولمىغاندۇ؟

— بىر ئىش بولغىنى يوق. سىز كەتكەندىن كېيىن قىزىڭىزنىڭ مىجەزى يوق، يولىڭىزغا قارىدۇق. ئاخىر سىزنى كۆمۈر كاندا ئۆچرەت ساقلاپ، يەنە بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ قالمىغىيدى دەپ ئالدىڭىزغا كەلدۇق. ماشىنىنى ئەخمەتكە بېرىڭ، — دېدى سالمان، — بىز جىپ بىلەن قايتايلى، — سەمەت ئۇستام ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا جىپقا چىقتى. جىپ ناھىيە بازىرىغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

سەمەت ئۇستىنىڭ يۈرىكى قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك، ئۇنىسىز سوقماقتا ئىدى. كۈن پېشىن بولغاندا جىپ ئائىلە قورۇسى ئىچىگە كىرىپ كەلدى. سەمەت ئۇستام بۇ يەرگە يىغىلىپ كەتكەن كىشىلەرنى كۆرۈپ يۈرىكى ئېغىپ كەتتى.

— ئەمدى راستىنى ئېيتاي، — دېدى سالمان جۇيجاڭ، — بالىلار تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن مەشكە كۆمۈرنى لىق قاچىلاپ ئۇخلاپ قېلىشقان. كېچىچە مەشتىن گاز چىقىپ كېتىپتۇ، سەھەردە

ساۋاقداشلىرى ئىككىسىنى مەكتەپكە بىرگە بېرىش ئۈچۈن چاقىرغان. لېكىن ئىشىك ئېچىلمىغان، قوشنا ـ قولۇملار «ئۇلار ھەر كۈنى سەھەر تۇراتتى، بۈگۈن نېمىشقا...» دەپ ئەنسىرەپ ماڭا خەۋەر قىلغانىكەن، مەن ئىشىكنى بۇزۇپ ئۆيگە كىرسەم، ئۆينىڭ ئىچىنى ئىس قاپلىغان. ئىككى بالىنىڭ ھوشى يوق، كۆتۈرۈپ دوختۇرغا چاپتۇق. مەخمۇت قۇتقۇزۇۋېلىندى، لېكىن مېھرى...— سالمان جۇيجاڭ گېپىنىڭ داۋامىنى يۇتۇۋەتتى.

سەمەت ئۇستام جىپتىن چۈشتى، مەخمۇت دادىسىنى كۆرۈپ كىشىلەر توپ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىپ:

— ۋاي ئۇكام...— دەپ ۋارقىرىغىنىچە كېلىپ سەمەت ئۇستىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى. سەمەت ئۇستىنىڭ مېڭىسىدىن كىرگەن بىر پارچە ئوت ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى «ۋىژ» قىلىپ كۆيدۈرۈپ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترىتىۋەتتى. ئۇ:

— ۋاي ئوماق قىزىم! — دېگىنىچە ئۆيگە ئۆزىنى ئاتتى، سەمەت ئۇستام يىغلايتتى، — ۋاي بالام، يۈرەك پارەم بالام! مەن قانداق قىلاي، ماڭا بۇ ئالەمنىڭ نېمە كېرىكى بالام.

ئۇنىڭ يىغىسى، ئۇنىڭ داد ـ پەريادى كىشىلەرنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئېزىۋەتتى. ئىدارىدە ئىش توختاتتى. بۇ پاجىئەدىن خەۋەر تاپقان ناھىيە بازىرىدىكى كىشىلەر كېلىپ سەمەت ئۇستىنى سەۋر قىلىشقا، قازاغا رىزا بولۇشقا ئۈندەيتتى، سەمەت ئۇستىنىڭ ھالىغا ئېچىنىشاتتى، ئۆزلىرىچە بۈگۈنكى بۇ پاجىئەنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى تەھلىل قىلىشاتتى، بىرى ئۇنى، بىرى بۇنى دەپ يەنە گۇناھنى گۈلخانغا ئارتاتتى: «ئاشۇ بىنومۇس خوتۇن، ئېرىگە، مۇشۇ بالىلارغا ۋاپاسىزلىق قىلمىغان بولسا مۇشۇ پاجىئە يۈز بەرمەيتتى، مانا ئاشۇ سەبىي قىز بىكاردىن بىكارغا!...»

شۇ كۈنى ناماز شام بىلەن مېھرى ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى جايتېرەك قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى.

ئىككىنچى كۈنى سەھەر تېخى تاڭ يورۇماستا سەمەت ئۇستام مەخمۇت بىلەن مېھرىنىڭ توپراق بېشىغا چىقتى. سەمەت ئۇستام بىرھازا بۇقۇلداپ يىغلىۋەتكەندىن كېيىن قىرائەتنى باشلىدى. ئۇ قىرائەتنى تۈگىتىپ دۇئا قىلىپ تۇراتتى. يىراقتىن بىر ئازابلىق يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. سەمەت ئۇستام بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قاردى. بىر پەستىن كېيىن بېشىغا ئاق رومال ئارتقان، بېلىگە ئاق باغلىغان بىر ئايال نالە ـ پەرياد بىلەن كېلىپ مېھرىنىڭ قەبرىسىگە ئۆزىنى ئېتىۋەتتى. بۇ گۈلخان ئىدى.

مېھرى ئالەمدىن ئۆتكەن كۈنى گۈلخاننى بۇ مۇسىبەتكە چاقىرىشنى ھېچكىم ئېسىگە ئالمىغانىدى.

— ئاپا، ئاپا… ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، سەن، سەن، — مەخمۇت گۈلخاننىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى. بىر يىلغا يېقىن كۆرۈشەلمىگەن ئانا ـ بالا مانا بۈگۈن مۇشۇ قەبرە ئالدىدا كۆرۈشتى. ئارىدىن بىر سائەتچە ۋاقىت ئۆتتى. سەمەت ئۇستام يەنە قۇرئان سۈرىلىرىدىن بىرنى ئوقۇدى، گۈلخان يىغىدىن توختىدى. سەمەت ئۇستام بىلەن مەخمۇت دۇئادىن كېيىن گۈلخاننى يۆلەپ تۇرغۇزدى ۋە ئىككىسى مەخمۇتنى ئارىغا ئېلىپ قەبرىستانلىقتىن چىقتى. مەن بىلەن گۈلخان ئاجراشقان بىلەن مەخمۇت ئاجراشماپتۇ، مەن گۈلخاندىن تانغان بىلەن مەخمۇت ئانىسىدىن تانمايدىكەن. يەنە، يەنە ئۈچىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىزنى باغلاپ تۇرغان كۆرۈنمەس، ئۈزۈلمەس بىر يىپ بار ئىكەن. مانا بىر يىل كۆرۈشمىگەن ئادەم قىزىمىزنىڭ ئۆلۈمىدە كۆرۈشتۇق، ئوغلىمىزنىڭ تويىدا يەنە، يەنە… مەخمۇتنى دېسەم يارىشىۋالسام بولغۇدەك. لېكىن خەقلەر نېمە دەر؟! مانا خەقلەر نېمە دەر دەپ قىزىمدىن ئايرىلدىم. ھەي، مۇشۇ گۈلخان، ھەممە گۇناھ مۇشۇ گۈلخاندا. كۆڭلۈمگە چۈشكەن داغنى قانداق يۇيۇپ چىقىرىۋەتكۈلۈك، توغرا، توغرا، ئۆتكەندە بىرى: «بۇ ئالەمدە ئۈچ نەرسىدە شەك يوقمىش. بىرىنچىسى، كۆلدە شەك يوقمىش، كۆلدىن

ئادەممۇ، ھايۋانغا تەڭ سۇ ئىچىدۇ. ئىككىنچىسى، قاچىدا شەك يوقمىش، قاچىدا ئەرمۇ، ئايالمۇ تاماق يەۋېرىدۇ، ھەتتا ھايۋانغىمۇ بىر نەرسە بېرىپ ئارقىدىن يۇيۇۋەتسە يەنە پاكىز بولۇۋېرىدۇ، سۇ ھەممىنى پاكلايدۇ. ئۈچىنچىسى، نىكاھتا شەك يوقمىش، ئەردىن چىققان ئاياللار، قايتا نىكاھلانسا نىكاھنىڭ خاسىيىتى بىلەن كېيىنكى ئەر ئۈچۈن يەنە ئاندىن توغما بولۇپ پاكلىنىپ ھالال بولۇۋېرىدۇ، كۆڭۈلدىكى ئۆچمەس داغلارنى، ئاياللارنىڭ گۇناھىنى نىكاھ يۇيۇپ، پاك ـ پاكىز قىلىۋېتىدۇ» دېگەنىدى. توغرا نىكاھتا شەك يوق. مەن بۇ پاجىئەنىڭ تەكرارلىنىشىنى خالىمايمەن، مەخمۇتنىڭ قاتارغا قوشۇلۇشى، بەختلىك ياشىشى ئۈچۈن ئانا كېرەك، سەمەت ئۇستام شۇلارنى ئويلاۋاتقاندا ئۇلار قەبرىستاندىن بىر ئاچا يولغا كېلىپ توختاشتى.

— دادا، دادا، ئاپام بىز بىلەن ئۆيگە كەتسۇنمۇ؟ ماقۇل دېگىنە دادا. مەن ئاپامنى بەك سېغىندىم، — مەخمۇت ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ دادىسىغا تىكىلدى.

— ماقۇل بالام، سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن، ماڭ گۈلخان بىز بىلەن بىرگە ئۆيگە قايت! ئەتە مېھرىنىڭ نەزىرىسى بولىدۇ، نەزىرنى بىرگە ئۆتكۈزەيلى، ئاندىن، ئاندىن، ھە، توغرا قىرىق نەزىرىسىدىن كېيىن…

سەمەت ئۇستام گېپىنىڭ داۋامىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. گۈلخان سەمەت ئۇستىنىڭ «قىرىق نەزىرىسىدىن كېيىن» دېگەن سۆزىدىن ئاجايىپ بىر ئىللىق سېزىمنى ھېس قىلدى. كەلگۈسى يېڭى ھايات ۋە يېڭى تۇرمۇشنىڭ داغدام يولىنى خىرە ـ شىرە كۆرگەندەك بولدى. ئۇ ئېزىپ قولدىن كەتكەن بەختىنىڭ يەنە قولىغا كېلىشىنى مۇشۇ بىر نەچچە ئايدىن بېرى كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلغانىدى. ئۇ شۇ تاپتا سەمەتنىڭ كەچۈرگەنلىكىنى بىلىپ يەتتى، ئۇ شۇ تاپتا كەچۈرۈمگە ئېرىشكەن گۇناھكاردەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ يەرگە قارىغان پېتى مەخمۇتنى يېتىلەپ سەمەت ئۇستىغا ئۈن ـ تىنسىز ئەگىشىپ كېتىۋاتاتتى.

# ئىپپەتلىك ئايال

ھۆرمەتلىك كىتابخان: يېقىندا بىر ئايال قاتىل مېنى ئۆزد-
نى ئاقلاشقا تەكلىپ قىپتۇ. قاتىلنى ئاقلاش كۆڭۈلدىكىدەك ئىش
بولمىسىمۇ، مەن ئۇنىڭ تەكلىپىنى باش تارتىپ بولماس مەجبۇ-
رىيىتىم دەپ قوبۇل قىلىپ، سوت مەھكىمىسىگە كىرىپ ئۇنىڭ
دېلو ماتېرىيالىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتىم، ئاندىن قاتىلنىڭ
ئۆزى بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈپ دېلونىڭ يۈز بېرىش ئەھۋالىنى
ئېنىقراق بىلىش ئۈچۈن تۈرمىگە كىردىم. تۈرمە باشلىقى مەقسد-
تىمنى بىلگەندىن كېيىن كامېرغا كىرىپ كېتىپ ھايال بولمايلا
قايتىپ چىقىپ، ماڭا:

— قاتىلنىڭ سىز بىلەن يۈز تۇرانە سۆزلەشكۈسى يوق ئى-
كەن، كۆرۈپ پايدىلانسۇن دەپ تەييارلاپ قويغان مۇشۇ خەتنى
سىزگە بېرىپ قويۇشۇمنى ئېيتتى، — دەپ ماڭا قېلىن بىر
كونۋېرتنى بەردى. مەن تۈرمە باشلىقى بىلەن خوشلىشىپ ئىشخا-
نامغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھەيرانلىق ئىچىدە كونۋېرتنى
ئېچىپ خەتنى ئوقۇشقا باشلىدىم:

ھۆرمەتلىك ئادۋوكات ئەپەندى، مەن قامالغاندىن كېيىنكى
ئىككى قېتىملىق سوراقتا سوت خادىملىرى مېنىڭ نېمە سەۋەبتىن
قاتىللىق قىلغانلىقىمنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن، ئۆزۈمگە ئاق-
لىغۇچى تەكلىپ قىلىشىمنى ئۇقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن سىزنى
ئاۋارە قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. سىزگە مەلۇم، بىزنىڭ بۇ ناھد-
يىدە ئايال ئادۋوكات يوق. ئايال كىشى ئەرلەر بىلەن سۆزلەش-
كەندە كۆڭۈلدىكى ھەممىنى ئېغىزدا ئىپادىلەپ بېرىش تەس ئى-

كەن. سىز قانچە ئۇرۇنسىڭىزمۇ مېنىڭ روھىي دۇنيايىمنىڭ نازۇك ۋە چوڭقۇر قاتلاملىرىغا بۆسۈپ كىرىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس. مېنى، مېنىڭ قەلبىمنى چۈشەنمىگەن ئىكەنسىز، جىنايەت ئۆتكۈزۈشۈمنىڭ سەۋەبلىرىنى تازا چۈشىنەلمەيسىز، مېنى قانۇن بويىچە ئاقلىشىڭىز ھەقىقەتەن تەسكە توختايدۇ. شۇڭلاشقا تۇرمە باشلىقىنىڭ رۇخسىتى بىلەن بۇ خەتنى سىزگە تەييارلىدىم، ئەمدى مەن سىزگە ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن:

مەن چوڭ شەھەردە ئۆسكەن، دادام ئىشچى، ئانام ئائىلە ئايالى ئىدى. مەن بالىلارنىڭ چوڭى بولغانلىقىم ئۈچۈن بەكمۇ ئەركە ۋە ئارزۇلۇق ئىدىم. تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ شەھەرلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن ئاتا- ئانامنىڭ ئائىلىدىكى چەكلىمىسىدىن ئازاد بولۇپ، ئۆز ئەركىم بىلەن خالىغان ئىشلارنى قىلالايدىغان بولدۇم. كىشىلىك تۇرمۇش دېگەن قىزىق بولىدىكەن، تۇرمۇش ئادەمنى ھەم يىغلىتىپ ھەم كۈلدۈرىسىمۇ، يىغلاپ تۇرۇپمۇ، كۈلۈپ تۇرۇپمۇ يەنە تۇرمۇشنى سۆيىدىكەنسەن، ماڭا ھەممە نەرسە قىزىق تۇيۇلدى. ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە ئاز قالغاندا، بىر نەچچە ئوغۇل ساۋاقدىشىم ماڭا ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپ، بىر - بىرىدىن بىخەۋەر ھالدا خەت يېزىشتى، ھەتتا بەزىلىرى «كۆيدۈم»، «پىشتىم» دەپ ئالدىمنى توستى، ئۇلار مېنى خەتلىرىدە ئۇنداق چىرايلىق، مۇنداق چىرايلىق دەپ كۆككە كۆتۈرۈشەتتى ھەتتا جەننەتتىكى ھۆرلەرگە، شېرىنگە، سەنەمگە ئوخشىتاتتى. مەن راستىنلا بىر نەچچە يىگىتنىڭ قەلبىگە تەڭلا ئوت ياققۇدەك چىرايلىقمۇ؟ بىر كۈنى ئەينەككە قاراپ يۇقىرىقى سوئالىمغا ئۆزۈمدىن جاۋاب ئىزلىدىم. راست، شائىرلار گۈزەللىكنى ماختاپ شېئىر يازىدۇ، ئادەملەر گۈزەللىككە تەلپۈنىدۇ، رەڭ تاللايدۇ، بەلكىم يىگىتلەرمۇ مۇشۇ ۋەجىدىن چىرايلىق قىزلارنىڭ جۈپتى بولۇشنى ئۆزى ئۈچۈن خۇشاللىق ۋە بەخت ھېسابلايدىغاندۇ! قىزلارچۇ؟ مەن ئۇ چاغلاردا

قىزلار قانداق يىگىتلەرنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ تاللىسا بەخت ھېسابلايدىغانلىقىنى تېخى بىلمەيتتىم، مەن قايسى بىر دانا كىشى-نىڭ «گۈزەللىك چىرايدا ئەمەس قەلبتە» دېگەن سۆزىنى ياقتۇ-راتتىم. قەلب گۈزەللىكىنى كۆز بىلەن كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس-مىكىنتاڭ، كىشىلەر يەنىلا ئىچكى گۈزەللىكتىن تاشقى گۈزەل-لىكنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. تاشقى گۈزەللىك ھە دېگەندە كىشى قەلبىگە ھۇزۇر بېغىشلىسا كېرەك. مەن ئەينەكتىن ئۆزۈمنى كۆردۈم، ئىلگىرى مەن ھەر كۈنى بىر نەچچە قېتىم ئەينەككە قارايتتىم. ئۇ چاغلاردا مەن شۇنداقلا قاراپ قويغان ئىكەنمەن، بۈگۈن تازا سىنچىلاپ قاراپ كۆردۈم. قېشىمنىڭ سەل شالاڭلى-قىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاللا ئىگەم ماڭا چىراينى، گۈزەللىكنى ئايىماي بېرىپتۇ (بۇ ئۆزۈمنىڭ باھاسى). شۇ كۈنلەردە مەندە تۇرمۇشقا نىسبەتەن بىرەر توغرا قاراش شەكىللەنمىگەن بولسىمۇ، ئاز - تولا ھېسسىيات پەيدا بولغانىدى، شۇنداق بولسىمۇ، مەن ئۆزۈمنىڭ چىرايلىقىم بىلەن پەخىرلەنمىدىم، خۇش بولمىدىم. قايسى بىر دانا كىشىنىڭ «قىزلارنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق گۈزەللى-كىنىڭ كەينىدە، بەخت بىلەن بەختسىزلىك تەڭلا ماراپ ياتىدۇ» دېگەن سۆزى ئېسىمگە كېلىپ «ئاھ خۇدا، گۈزەل چىراي ئاتا قىلغۇچە، يېتىپ ئاشقۇدەك ئەقىل - ئىدراك ئاتا قىلساڭ بول-ماسمىدى» دەپ نالە قىلدىم. ماڭا يېزىلغان خەتلەر ئۆزۈلمەي كېلىپ تۇردى. مەن ھەممىنى جاۋابسىز قالدۇردۇم. قانداقتۇر خەت يازغان يىگىتلەرنىڭ بىر يېرى ماڭا يارىمىغاندەك، بىر يېرى كەمدەك قىلاتتى. نېمە ئۈچۈن مەندە شۇنداق قاراش پەيدا بول-دۇ؟ ئۆزۈممۇ دەرھال بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. بۇ ئەلۋەتتە چىرا-يىمغا تەمەننا قويغانلىقىم ئەمەس ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئوقۇش پۈتتى، مەن ھېچكىم بىلەن مۇھەببەت باغلىماي، توي قىلىشقا پۈتۈشمەي، شەھەردىن سەكسەن كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مۇشۇ ناھىيىگە تەقسىم بولۇپ، بازارلىق ئىككىنچى باشلانغۇچ مەكتەپتە

ئوقۇتقۇچى بولدۇم.

ھۆرمەتلىك ئادۋوكات ئەپەندى، شۇ تاپتا سىز بۇ ساراڭ خوتۇن ماڭا گەپىنىڭ پوسكاللىسىنى دېمەي، ئۆزىنىڭ مۇھەببەت تارىخىنى، تۇرمۇش يولىنى بايان قىلىۋاتسا كېرەك، بۇ دېلو بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار دەپ ئويلاۋاتسىڭىز كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ سىز ئۈچۈن كېرىكى يوقتۇ! لېكىن مېنىڭ ھازىرقى شۇنداقلا بۇگۈنكى پاجىئەيىم بىلەن بۇنىڭ چېتىشلىقى بار دەپ قارايمەن، بۇنىڭ مېنىڭ دېلورىمنى بىر تەرەپ قىلىشىڭىزغا پايدىسى تېگىدۇ. ئەپەندىم ئەمدى ئەسلىي مەقسەتكە كۆچەيلى:

شۇنداق قىلىپ مەن جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە جەمئىيەتكە ئارىلاشتىم. مەن مۇشۇ زاماندا، مۇشۇ دەۋردە ياشاۋېتىپ دەۋرىمىزنىڭ ياشلىرى مېڭىۋاتقان يولدىن ئۆزگە يول تۇتالامدىمەن؟ مەن كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ يولى ۋە قىممىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە باشلىدىم. باشقىلارنىڭ شۇنداقلا مەن بىلەن تەڭ ياشلىق قىزلارنىڭ ۋە چوڭلارنىڭ تۇرمۇش يولىدىكى خاتا ياكى توغرا باسقان قەدەملىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم ۋە ئاڭلىدىم.

قىز - ئوغۇللارنىڭ مۇھەببەت باغلاش، تاللاش يولىدىكى پاجىئەسى ۋە خۇشاللىقىنى كۆردۈم. تۇرمۇشتا ئادەملەرنىڭ بىر قىسمى كىشىلىك تۇرمۇش ئاتا قىلغان بەخت ۋە لەززەت، ھۇزۇر - ھالاۋەتتىن مەست بولۇپ قاقاقلاپ كۈلسە، بىر قىسمى بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەرنىڭ زەربىسىگە چىدىيالماي «ئاھ! ۋاھ!» دەپ ياش تۆكىدىكەن. قىزلار يىغلاپ - يىغلاپ ئۆزىنى ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك ھېس قىلسا كېرەك، شۇڭلاشقا بېشىغا كۈلپەت چۈشكەندە ئۆزىنى ھامان يىغىغا زورلايدىكەن. يىگىتلەرنىڭ تاپقىنى تاماكا بىلەن ھاراق، ئۇلار ھەم چېكىپ ھەم ئىچىپ ئىچىگە پاتمىغان دەردىنى ئاچچىق تاماكىنىڭ تۈتۈنى بىلەن ھاۋاغا پۈركۈۋەتسە كېرەك.

مەن ئالدىراڭغۇلۇق، قوپاللىق، تەجرىبىسىزلىك، ساختى-
لىق، يالغانچىلىق، ۋىجدانسىزلىق، ئالدامچىلىق دەستىدىن
سۆيگەن ياردىن ئايرىلىپ داغدا قالغان تالاي ئوغۇل - قىزلارنى
كۆردۈم. ئەر - خوتۇنلارنىڭ بەتقىلىقلىرى، ۋاپاسىزلىقى تۈپەي-
لى يېتىم بولغان تىرىك يېتىملەرنى كۆردۈم. بۇ بەختسىز
باللارنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى مېنى قاتتىق ئازابلىدى ۋە ئويغا
سالدى. بۇلار نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟

مەن تۇرمۇشقا چىقماي، ئۆي تۇتماي تۇرۇپلا بۇلارنىڭ تەك-
تىگە يەتمەكچى بولدۇم. تۇرمۇش پايانسىز دېڭىز ئىكەن. ماڭا
بۇ يەردىمۇ يىگىت تونۇشتۇرغۇچىلار چىقتى. قىزىق ئىش، ئادەم-
لەر نېمە ئۈچۈن باشقىلارنى ئۆز ئەركىگە قويمايدىغاندۇ؟ ئۇلار
ھامان سېنىڭ شەخسىي ئىشىڭ ۋە تۇرمۇشۇڭغا ئارىلىشىدىكەن،
سېنىڭ ئۆز تەقدىرىڭنى ئۆزۈڭ بەلگىلەش، ئۆز تۇرمۇش يولۇڭنى
ئۆزۈڭ تېپىش ھوقۇقىڭنى تارتىۋالماقچى بولىدىكەن. بەزىلىرى
ياخشى نىيىتى بىلەن ساۋابلىق ئۈچۈن ئارىلاشسا، بەزىسى بىراۋ-
نىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھەمدە قولىغا كېلىدىغان ئاز - تولا نەپ
ۋە خۇشامەتچىلىك ئۈچۈن ئارىلىشىدىكەن. مەن يەنىلا يىگىتلەر-
نىڭ مۇھەببەت خەتلىرى بىلەن باشقىلارنىڭ ئۆز ئىشىمغا ئارىلى-
شىشىدىن قۇتۇلالمىدىم. شۇڭلاشقا ماڭا يىگىت تونۇشتۇرغۇچى-
لار، ماڭا ھەمراھ بولغۇچىلارنىڭ تەلەپلىرىنى بىر جۈملە «لاي-
ىقىم بار ئىدى» دېگەن سۆز بىلەن سىلىق رەت قىلدىم.

ئاتا - ئانامۇ ماڭا بىرەر يىگىتنى سايە قىلمىدى، بەلكى
ئارزۇلۇق قىزى بولغىنىم ئۈچۈن «ئۆز كۆڭلىدە بىرى باردۇر»
دەپ ماڭا يول قويغاندۇ!؟ ھەر قېتىم ئۆيگە بارغاندا دادام بىلەن
ئانامنىڭ ھەر قېتىملىق نامىزىدا «خۇدا ئاشۇ قىزىمىنىڭ بەختىنى
بەرگىن» دەپ دۇئا قىلغىنىنى ئاڭلاپ قالاتتىم. دادام بىلەن
ئانامنىڭ خۇدادىن تىلەيدىغىنى زادى قانداق بەخت - تەلەي؟ ماڭا
ياخشى ئەردىن كېلىدىغان بەخت - تەلەيمۇ؟ توغرا مەن جەمئىيەت-

تىن تېگىشلىك ئورۇن ئېلىپ بەختىمنى تاپتىم، ماڭا تەلەي كەلدى. ئۇلارنىڭ ئەمدى خۇدادىن تىلەيدىغىنى بىر ياخشى يىگىت، بىر ياخشى ئەر، ئاشۇ ئەردىن كېلىدىغان بەخت - تەلەيدۇر. دۇنيادا ئۆزپەرزەنتىنىڭ بەخت، تەلىيى ئۈچۈن ئىزدەنمەيدىغان، كۈرەش قىلمايدىغان ئاتا - ئانا يوق. ئۆز بەختى ئۈچۈن ئىزدەنمەيدىغان، كۈرەش قىلمايدىغان ئەر - ئايال، ئوغۇل - قىزمۇ يوق. ھەر كىم تۇرمۇش يولىدا ئۆزى تاللىغان ھەرخىل يول بىلەن ئۆز بەختىنى تاپىدۇ ياكى مەغلۇپ بولىدۇ! بەزىلەرنىڭ تەقدىرىنى ئاتا - ئانىسى ھەل قىلىدۇ. بۇ تەقدىر ئۇلارغا بەخت ئېلىپ كەلمىسىمۇ ئۇلار شۈكۈر قىلىپ يۈرۈۋېرىدۇ.

مەن ئۆز بەختىم يولىدا ئىزدىنىپ تۈرلۈك ھېس - تۇيغۇلار ۋە ساماۋى خىياللار ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاتا - ئانامنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن بىر كۈنى قاق سەھەردە يولغا چىقتىم. سومكام ئېغىر، ئاپتوبۇس بېكىتى خېلى يىراق ئىدى. ئارقامدىن بېكەت تەرەپكە بارىدىغان بىرەر ئېشەك ھارۋىسى ياكى ئات ھارۋىسى كېلىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىد بىلەن ھەدەپ ئارقامغا قارايتتىم. شۇ ھەلەكچىلىكتە كېتىۋاتسام، يان تەرەپتىكى كوچىدىن بىر قولىدا قارا خۇرۇم سومكا كۆتۈرگەن بىر ھەربىي يىگىت چىقىپ كەلدى ۋە ئارقامدىن يېتىپ كېلىپ:

— قىزچاق قارىغاندا بېكەتكە بارىدىغان ئوخشايسىز، مەنمۇ بېكەتكە بارىمەن، خالىسىڭىز سومكىڭىزنى كۆتۈرۈۋالايمۇ؟ — دېدى.

بۇ گەپ ماڭا ياغدەك ياققان بولسىمۇ، لېكىن ئەدەپ - ئەخلاق جەھەتتىن دەرھاللا ماقۇل بولۇپ سومكىنى بەرگۈم كەلمىدى.

— رەھمەت، — دېدىم ئالدىمغا قاراپ كېتىۋېتىپ.

— رەھمەت دېگىنىڭىز نېمىسى؟ سومكىڭىز ئېغىر ئوخشاي-

دۇ، — ھەربىي يىگىت شۇنداق دەپلا سومكىنى قولۇمدىن ئالدى ۋە كېتىۋېتىپ سورىدى:

— سەپىرىڭىز قەيەرگە؟

— شەھەرگە، ئاتا - ئانامنى يوقلاپ كېلەي دەپ كېتىۋاتىمەن.

— مۇشۇ ناھىيىدە خىزمەت قىلامسىز؟

— شۇنداق! ئىككىنچى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمەن.

— مەنمۇ ئانامنى يوقلاپ كەلگەن، مۇشۇ مېڭىشىمدا يىراق چېگراغا كېتىۋاتىمەن.

— مۇنداق دەڭ، شائىرلار «چېگرا جەڭچىسىگە مەدھىيە» دەپ ماختاپ شېئىر يازىدىغان قار - شىۋىرغانلىق تاغدىكى جەڭچى يىگىتلەردىن ئىكەنسىز - دە؟!

— توغرا، مەن شۇنداق جەڭچى، لېكىن شائىرلارنىڭ يازغىنى تەسەۋۋۇر ياكى بەدىئىي تەپەككۇردىن ئىبارەت، ھەقىقىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ئەمەس.

— ئەمىسە جاپالىقتۇ؟

— ئاسان ئىش نەدە دەيسىز؟ مىسالغا ئالساق سىزنىڭ ئىشىڭىزمۇ جاپالىق، بىزگىمۇ ئەسكەرلىكنىڭ مۇشەققىتى قاتتىق تۇيۇلغان، ئەمدى كۆنۈپ كەتتۇق، ھەر ئىشنىڭ، ھەركەسنىڭ ئۆزىگە توشلۇق راھىتى ۋە مۇشەققىتى بار.

بىز شۇ گەپلەر بىلەن بېكەتكە يېتىپ كەلدۇق. يول ئۈستىدە پارىڭىمىز مېنىڭ خىزمەت ئەھۋالىم، ئۇنىڭ ھەربىي تۇرمۇشى ئۈستىدە بولدى. بۇ يىگىت ماڭا بىرەر قېتىممۇ كۆزىنى خومارلاشتۇرۇپ، چىشىنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ قاراپ باقمىدى. مەن بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ماڭا سەپەردە ھەمراھ بولغان ۋە مەن ئۇچراتقان يىگىتلەر بىر - بىرلەپ ئالدىمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇلار ماڭا بىر قېتىم بولسىمۇ چاقچاق قىلىۋالاتتى، يەپ

كەتكۈدەك قارايتتى، دورا ـ دەرمەك قوشۇلغان ھەرخىل گەپ- سۆزلەرنى قىلاتتى. بۇ ھەربىي يىگىت ئۇنداق قىلمىدى. توۋا! بۇ ھەربىيدە ئەرلىك ھېسسىيات يوقمىدۇ؟ خىيال بىلەن كېتىۋاتـ- قان ۋاقتىمدا بىردىنلا ئاپتوبۇس توختاپ قالدى. نېمە بولدىكىنە؟ شوپۇر كابىنكىدىن يەرگە چۈشتى، ئالدى چاقنىڭ بىرى يەل قويۇپ بېرىپتۇ، شوپۇردا ياكى زاپاس چاق يوق ياكى تېشىلگەن چاقنى يەملەيدىغان بىر نېمە يوق ئىكەن. بۇ شوپۇر ھېلىقى تېشىلگەن چاقنى يەملەيدىغان نەرسىنى بىرنەچچە شوپۇرنى توسۇپ سورىدى. ھەممىسى «يوقتى» دەپلا ئۆتۈپ كەتتى. ئارىدىن ئۈچ سائەت ئۆتكەندە شوپۇر يەنە بىر ماشىنا توسۇپ سورىۋېدى، بۇ شوپۇر ئىنساپ قىلدىمۇ ياكى بىزگە ئىچى ئاغرىدىمۇ تېشىلگەن چاقنى يەملەيدىغان نەرسىدىن بىرنى بەردى. شوپۇر چاقنى ياماپ سېلىپ بولغا چىقتى، شەھەرگە يېتىپ كەلگەن چاغدا ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشكەن بولۇپ، كىشىلەر ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ تارقاۋا- تاتتى. بېكەت بىلەن ئۆيۈمنىڭ ئارىلىقى يىراق، كۈندۈز بولسىغۇ تاكسى ياكى ھاممال تەكلىپ قىلسام بولاتتى، بۇ كېچىدە تاكسى بىلەن ھاممال نەدە؟ شەھەرنىڭ تار، قاراڭغۇ قەدىمكى كوچىلىرى- دا... ھازىر يېقىن ئەتراپتىكى مېھمان كۈتۈشلەرنىڭ ئىشىكىنى قېقىش تېخىمۇ ئەپسىز، مېنى غېرىبچىلىق باستى، شۇچاغدا ئۆز يولىغا راۋان بولۇپ بولغان يىگىت كەينىمگە يېنىپ:

— يۈرۈڭ، ئۆيىڭىز يىراقمۇ؟ مەن ئاپىرىپ قوياي، — دېدى ئۇ سومكامنى يەنە قولىغا ئېلىپ، ئەمدى رەت قىلىش تېخىمۇ ھاماقەتلىك بولاتتى. بېشىڭغا كۈلپەت چۈشكەندە بىر ياخشى نىيەتلىك ئادەم ساڭا خەيرخاھلىق قىلسا، ئۇنى سەن رەت قىلالامسەن؟ ئىككىمىز تار كوچىلارنى ئارىلاپ كېتىۋاتىمىز. سۈزۈك ئاسماندا يۇلتۇزلار پارقىراپ چاقناپ تۇراتتى. قەدەملىرى- مىزنىڭ بىرخىل رىتىمدا شىپىلدىشىدىن باشقا بۇ قەدىمىي شە- ھەرنىڭ تار كوچىلىرىدا ھېچقانداق ئاۋاز يوق ئىدى. ئىككىمىز

ئۇن - تىنسىز مېڭىۋاتىمىز. شۇ تاپتا بۇ يىگىتكە نىسبەتەن
قەلبىمدە يۈكسەك ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى،
مېنىڭ مۇشۇنداق يولدىشىم بولسا ھە؟ نېمىدېگەن ياخشى بولات-
تى! ئۆزۈمنى سەزمىگەن ھالدا بىردىنلا كۆڭلۈم ئۇنىڭغا مەھلىيا
بولدى. بۇ مېنىڭ ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئەر كىشىگە قارىتا
قوزغالغان ھېسسىيات ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىغا قايرىلىپ
قارىشىنى، بىرەر ئېغىز شېرىن گەپ قىلىشىنى تەمە قىلدىم،
لېكىن ئۇ گەپ قىلمىدى. ئىشىك ئالدىغا كەلگەن چاغدا ماڭا:
— خانىم، ئەمدى مەن كېتەي، خەير خوش، — دېدى -
دە، گۇس - گۇس دەسسەپ كېتىپ قالدى، مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى
سورىۋېلىشقا ئاران ئۈلگۈردۈم، ئۇنىڭ ئىسمى تۇرسۇن ئىكەن.
مەن تۇرسۇننىڭ قارىسى كېچە قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە غايىب بولغۇ-
چە قاراپ تۇردۇم... راست گەپنى دېسەم شۇ كۈنى تۇرسۇن ئۆزى
بىلەن بىرگە مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ بىر پارچىسىنىمۇ ئېلىپ كېتىپ-
تۇ، مەن شۇنىڭدىن باشلاپ تۇرسۇننى ئەسلەيدىغان بولۇپ قال-
دىم. خۇددى «بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قالدىم» دېگەندەك بولدى.
تۇرسۇننىڭ يېقىملىق سۆزلىرى، چەبدەس - چاققان ھەرىكەتلىرى
زادىلا كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. ئۇنى سېغىناتتىم، بىر كۆرۈش-
كە، مۇڭدىشىشقا تەشنا ئىدىم، تۇرسۇن نەدە؟ قايسى چېگرا،
قايسى گازارمىدا، مەن ئۇنىڭ ئادرېسىنى بىلمەيتتىم.

باھار بايرىمى يېتىپ كەلدى. مەكتەپ پىئونېرلار تەشكىلاتى
باھار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن مەكتەپ ئەتراپىدىكى ھەربىي
ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سوراشنى ئورۇنلاشتۇردى، مەن پى-
ئونېرلار ئىككىنچى ئەترىتىنى باشلاپ خەلق ھۆكۈمىتى
ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىكى ھەربىي ئائىلە تاۋابىئاتلاردىن ھال
سوراشقا مەسئۇل بولدۇم. بىز يېتىپ بارغان بىرىنچى ئىشىكنىڭ
ئالدىدا چاچلىرىغا ئاندا - ساندا ئاق سانجىغان سالاپەتلىك بىر
ئايال بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۆيگە كىردۇق، تۆرتامدىكى

رامكىدا ئون ئىككى سۆڭ ئەتراپىدا چوڭايتىلغان بىر ئوفىتسېر-
نىڭ سۈرىتى بىزگە ئىللىق تەبەسسۇم قىلىپ قاراپ تۇراتتى.
ئۇنىڭ كىيىمى ۋە ھەربىي فورمىسى ھازىرقى ھەربىيلەرنىڭ
كىيىمىگە ئوخشىمايتتى. مەن رەسىمگە ھەۋەس بىلەن قاراپ
قالدىم. پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى ماڭا چۈشەندۈ-
رۈپ:

— خانىم، بۇ كىشى ئۆي ئىگىسى گۈلخان ئاچامنىڭ يولدى-
شى كېرىموف دېگەن كىشى بولىدۇ، بۇ كىشى مەدەنىيەت زور
ئىنقىلابىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ھازىر گۈلخان ئاچام ئۆيىدە يال-
غۇز، بىر ئوغلى بار ئىدى، ئۇمۇ ھەربىي سەپكە كەتكەن، —
دېدى. پىئونېرلارنىڭ بەزىلىرى تەشتەكتىكى گۈللەرگە سۇ قۇي-
سا، بەزىلىرى ئوتۇن كەسلەش، ئۇششاقلاش، كۆمۈر چوقۇش،
ئۆي سۈپۈرۈش، سۇ سېپىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى. مەن
گۈلخان ئاچىغا:

— سىز ناھايىتى تەلەيلىك ئايال ئىكەنسىز، گەرچە يولدى-
شىڭىز ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئوغلىڭىز دادىسى-
نىڭ ئىزىنى بېسىپ يەنە ھەربىي بوپتۇ، ئەگەر ئوغلىڭىزنىڭ
رەسىمىدىن بىرنى چوڭايتىپ دادىسىنىڭ رەسىمى يېنىغا ئېسىپ
قويسىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولاتتىكەن، — دېدىم.

— شۇنداق قىلىش مۇددىئايىم بار ئىدى قىزىم. ئوغلۇممۇ
دادىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ. مانا قاراڭ، تەڭمۇ تەڭ
چوڭايتىپ، دېگىنىڭىزدەك قىلغۇم بار، مۇشۇ رەسىمنى چوڭاي-
تاي دەيمەن، — دەپ گۈلخان ئاچا شىرەنىڭ تارتمىسىدىن بىر
پارچە رەسىمنى ئېلىپ ماڭا بەردى ۋە، — قېنى كۆرۈپ
بېقىڭا، — دېدى.

رەسىمنى قولۇمغا ئېلىپ بىر قاراپلا يۈرىكىم ئېچىپ كەت-
تى. ئاھ، خۇدا بۇ مېنىڭ ئوڭۇممۇ ياكى چۈشۈممۇ؟ رەسىمدىكى
گۈلخان ئاچىنىڭ ئوغلى — مەن كېچە ـ كۈندۈز سېغىنىپ

كەلگەن، ئەسلىگەن، لېكىن نەدىلىكىنى بىلمىگەن ھەربىي يىد-
گىت تۇرسۇن ئىدى. بىز خوشلاشتۇق. ھەپتىدىن كېيىن گۈل-
خان ئاچا بىلەن كوچىدا ئۇچرىشىپ قىزغىن سالاملاشتۇق، گۈل-
خان ئاچا مېنى شۇ كۈنى زادىلا قويۇپ بەرمەي ئۆيىگە باشلىدى.

بىزنىڭ گەپلىرىمىز ھە دېگەندە كېرىموف ئاكىدىن باشلان-
دى. كېرىموف ئاكا 1950 - يىلى ھەربىيگە كىرگەن، 1955-
يىلى گۈلخان ئاچا بىلەن توي قىلغان. 1958 - يىلى ئاتلىق
پولكتا پولكوۋنىك بولغان يىلى كەسىپ ئالمىشىپ مۇشۇ ناھىيىگە
ھاكىم بولغان، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا زىيانكەشلىككە ئۇچ-
راپ ئالەمدىن ئۆتكەن، تۇرسۇن دادىسىنىڭ نامى ئەسلىگە كەل-
گەندىن كېيىن ھەربىيگە كىرىپتۇ، ھازىر لېيتېنانت دەرىجىلىك
روتا باشلىقى ئىكەن.

ھۆرمەتلىك ئادۇوكات ئەپەندى زېرىكىپ قالماڭ، گەپنى
قىسقارتاي.

— شۇنداق قىلىپ، — دېدى گۈلخان ئاچا، خۇدا تېنىمنى
سالامەت قىلسا، ئۇنى كېلەر قېتىم كەلگەن چاغدا ئۆيلەپ قويىد-
مەن، ئاندىن ئۆمرۈم بولسا نەۋرەمنى باقسام، مېنىڭ ئارزۇيۇم
شۇنچىلىك قىزىم. مېنىڭغۇ كېلىن قىلىۋېلىش ئۇچۇن كۆڭلۈمگە
پۈككەن قىزىم بار، ھەي ئوغلۇم قانداقكى، — دېدى ئۇ ئېغىر
ئۇھ تارتىپ. گۈلخان ئاچا راست دەيدۇ، ئوغلى بار ئايال باشقى-
لارنىڭ قىزلىرىغا نەزەر سالىدۇ، قىزى بار ئاياللارمۇ باشقىلار-
نىڭ ئوغۇللىرىغا نەزەر سالىدۇ، مانا بۇ تۇرمۇش. گۈلخان ئاچى-
نىڭ كۆڭلىدە كىم بار؟ ئۇ قايسى قىزنى ئۆزىگە كېلىن قىلماق-
چى؟ مەنغۇ شۇ تاپتا تۇرسۇن بىلەن توي قىلىشنى خالايدىغان
بولۇپ قالدىم، تۇرسۇن خالامدۇ؟ بۇنى بىلىش قىيىن. راستتىن-
لا قىيىن، ئىنسان قەلبى مۇرەككەپ، ئىنسان قەلبىدىكى يوشۇ-
رۇن سىرلارنى ئاللا ئىگەمدىن باشقىسى بىلمەيدىغاندۇ. ۋاقتى
كېلىپ مەقسەتلىرىم ئەمەلگە ئاشماي قالسا مەنمۇ قەلبىمدىكى

ئىستەكلىرىمنى شۇ پېتى يوشۇرۇن ساقلاپ، يەنە باشقا يول تۇتۇشۇم مۇمكىن.
ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى كەچ مەن گۈلخان ئاچىنى يوقلاپ باردىم، ئىشىكتە قۇلۇپ بار ئىدى. قوشنىسى ماڭا:
— بىچارە يالغۇز، ئاغرىپ قاپتىكەن، بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا بالنىستتا، بىزمۇ يوقلاپ كېلەرمىز دەپ، ئىشنىڭ ئالدىراشلىقىدىن يوقلاپ كېلەلمىدۇق، — دېگەنچە ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. مەن قىلچە ئىككىلەنمەي تۇرمايلا ئۇدۇل دوختۇرخانىغا يۈگۈردۈم. كۆڭلۈمدىكى كىشىم، ياخشى كۆرگەن ئادىمىمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە قانداقمۇ قاراپ تۇرالاي، مەن يېنىغا كىرگەندە گۈلخان ئاچا ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى ۋە:
— سىزنى بەكمۇ كۆرگۈم كەلگەنىدى، ئاخىرى كەپسىز قىزىم، - دېدى.
— قانداقراق ياتتىڭىز؟
— خۇداغا شۈكۈر قىزىم. كېرىموف تاغىڭىز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچ ئاغرىقى بىلەن تېپىشالغان يۈرەك كېسەلىم يەنە قوزغىلىپ قالدى. خۇدا خالىسا بۈگۈن - ئەتە ياخشى بولۇپ كېتەرمەن، — دېدى ھەسرەت بىلەن ئېغىر تىنىپ. مەن ھەر كۈنى دېگۈدەك يېنىدا بولدۇم. ئون ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن گۈلخان ئاچا ئېغىرلىشىپ قالدى. دوختۇرلار جىددىيلەشتى ۋە مېنى چاقىرىپ:
— سىز بۇ ئايالنىڭ نېمىسى بولىسىز؟ — دېدى. مەن ئۇلارغا «بۇ ئايال مېنىڭ ھاممام بولىدۇ» دېدىم. دوختۇر ماڭا:
— ئۇقۇشىمىزچە بۇ ئايالنىڭ ئوغلى ھەربىيدە، قايسى بىر چېگرا مۇداپىئە گازارمىسىدا ئىكەن، ئاڭلىساق ئانچە يىراقتا ئەمەسمىش، دەرھال چاقىرتايلى، — دېدى.

بۇ گەپلەرنى قانداقمۇ گۇلخان ئاچىغا دېگىلى بولسۇن. مەن تۇرسۇننىڭ ئادرېسىنى تېخى بىلمەيتتىم، بىلىشنى ئاللىبۇرۇن خالىغان بولسامۇ، تارتىنىپ سورىيالمىغانىدىم. قانداق قىلىش-نى بىلەلمەي تۇرغان ۋاقتىمدا بىر دوختۇر:

— ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە ھەربىيگە كەتكەن-لەرنىڭ ھازىر تۇرۇشلۇق ئادرېسى قاتارلىق ماتېرىياللىرى بار، — دېدى.

مەن دەرھال ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمگە بېرىپ مۇناسىۋەتلىك كىشىلەردىن سوراش ئارقىلىق ئاخىرى تۇرسۇننىڭ ئادرېسىنى تاپتىم، پوچتىخانىغا بېرىپ تېلېفون ئارقىلىق تۇر-سۇنغا ئانىسىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى يەتكۈزدۈم، ئەتىسى چۈش بىلەن تۇرسۇن يېتىپ كەلدى. مەن بالىنىستا ئانا ـ بالا ئىككى-سىنى يالغۇز قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتىم، ھەپتىدىن كېيىن تۇر-سۇن بېلىگە ئاق باغلىدى. بىر كۈنى ياتىقىمدا يالغۇز كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرسام تۇرسۇن كىرىپ كەلدى، مەن ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ بىر نەچچە ئېغىز تەسەللى بەرگەندىن كېيىن:

— قاچان كەتمەكچى بولۇۋاتىسىز؟ — دېدىم.

— ئانامنىڭ قىرىقىنى قىلىپ بولدۇم، ئەمدى گازارمىنى تېپىۋالاي دەيمەن، شۇغىنىسى ئىشىكىمىز تاقىلىپ قالىدىغان بولدى، ئانام سەكراتتا ياتقان چېغىدا ماڭا: «بالام، جان بار يەردە قازا بار، ئالىمادىس جان ئۈزۈپ قالسام، قىرىق نەزىرىمدىن كېيىن بۇ خەتنى سارەمگە بەرگىن، بۇنىڭ ئىچىدە سارەمگە تەئەل-لۇق گەپلەر بار، سەن كۆرمىگىن. ئەگەر ساقىيىپ قالسام بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۆزۈمگە قايتۇرۇپ بەرگىن» دەپ بىر پارچە خەت بەرگەنىدى. ئەتە چېگرىغا كېتىمەن، بۇگۈن سىز بىلەن خوشلاشقىلى كىرگەچ بۇ خەتنى ئېلىپ كىردىم، ئانام نېمىلەرنى يازدىكىنتاڭ. قېنى سىز كۆرۈپ بېقىڭ، — دەپ ئاغزى چاپلانغان بىر كونۋېرتنى ئۇزاتتى. مەن تىترەپ تۇرغان

قوللىرىم بىلەن كونۋېرتنى ئېلىپ ئاغزىنى ئاچتىم.

«قىزىم سارەم، تېخى باياتىنلا بىر خەنزۇ دوختۇر، مېنى خەنزۇچىنى ئۇقمايدۇ، دەپ ‹بۇ ئايالنىڭ بىر نەچچە كۈنلىكى قاپتۇ›، دېدى. سىزمۇ جىددىيلىشىپ قالدىڭىز، دوختۇرلارمۇ جىددىيلەشتى. مەن ياشاشنى ئارزۇ قىلاتتىم، كېلىن ۋە نەۋرە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم. نېمە ئامال؟ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغان ئوخشايمەن، مەن دوختۇرلارغا ئوغلۇمغا تېلېفون بېرىشنى تاپىلىغان، ئاڭلىسام، بۇ ئىشنى دوختۇرلار سىزگە ھاۋالە قىپتۇ. مەن ھاۋالە قىلغان دوختۇر ھە دېگەندە تۇرسۇننىڭ ئادرېسىنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك. سىز خەلق قوراللىق بۆلۈمىدىن ئادرېس ئاپسىز. سىز نېمىدېگەن ياخشى - ھە، بىز تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن كۈنىلا ئەگەر لايىقىڭىز بولمىغان تەقدىردە سىزنى كېلىن قىلىۋېلىش نىيىتىگە كەلگەنىدىم. بۇنى ھەـدېگەندە سىزگـە ئېيتىش ئەپسىز تۇيۇلدى. بۇ 50 - يىللار ئەمەس، 90 - يىللار، سىز تۇرسۇننى تونۇمايسىز ئەمەسمۇ؟ تۇرسۇنمۇ شۇنداق، سىزنى تونۇمايدۇ، بۇ ئەھۋالدا كېلىن قىلىۋېلىشتىن ئېغىز ئېچىش تازا ھاماقەتلىك بولىدۇ. سىلەر تونۇشقان، بىلىشكەن، بىر - بىرىڭلارنى چۈشىنىشكەن بولساڭلار، مەن سىزنى كېلىن قىلىۋېلىش توغرىلىق ئېغىز ئاچسام ئەقىلغا مۇۋاپىق ئىدى. مەن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، مەن جان ئۈزگىچە تۇرسۇن كېلىپ قالسا مەن ئۇنىڭغا ئېيتىمەن. ئەگەر لايىقىڭىز بولمىغان تەقدىردە، تۇرسۇننى ياقتۇرۇپ قالسىڭىز، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر تۇرسۇن ئېغىز ئېچىپ قالسا، سىز ئۇنى ياقتۇرمىسىڭىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن!

گۈلخان ئاچىڭىزدىن»

مەن خەتنى ئوقۇپ بولۇپ يىغلاپ تاشلىدىم، مەن نېمە

دەيتتىم، مېنىڭ ياخشى كۆرگەن، تاللىغان ئادىمىم مۆشۆ تۇر-
سۇن ئەمەسمۇ؟ مەن گۇلخان ئاچىنىڭ خېتىنىڭ ئاخىرىغا «مەر-
ھۇم ئانىمىزنىڭ دېگىنىدەك بولسۇن» دەپ يېزىپ خەتنى قايتا
كونۋېرتقا سېلىپ: «مېنىڭ يازغىنىمنى ئۆيىڭىزگە چىقىپ ئوقۇ-
ۋېلىڭ» دەپ خەتنى تۇرسۇنغا قايتۇرۇپ بەردىم، تۇرسۇن ياتىقىم-
غا قانداق ئەدەپ بىلەن كىرگەن بولسا شۇنداق ئەدەپ بىلەن
چىقىپ كەتتى.

ھۆرمەتلىك ئادۋوكات ئەپەندى، مەن كىشىلىك تۇرمۇشتا
جورا تاللاشتىكى تۇنجى قەدەمنى ئاشۇنداق ئەدەپ بىلەن باستىم.
بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز مۇشۇنداق باشلاندى، ئۇزاق ئۆتمەي توي
قىلدۇق. تۇرسۇننىڭ يىلدا يەتمىش كۇنلۇك ئوتپۇسكىسى بار
ئىدى. مەن يازلىق، قىشلىق تەتىل ۋاقتىمنى ئۇنىڭ يېنىدا،
قاتمۇ قات قارلىق تاغلار ئارىسىدىكى گازارمىدا ئۆتكۈزەتتىم،
كۈنلەر خۇشال، تۇرمۇشتا غەم - ئەندىشە يوق. كۈندۈزنى ئوقۇ-
غۇچىلار بىلەن، كەچنى رومان ئوقۇش، تۇرسۇنغا خەت يېزىش،
سېغىنىش، ئەسلەش، كۈتۈش بىلەن قىسقارتاتتىم. بىر كۈنى
ئەتىگەندە مەكتىپىمىزگە ئىككى ساقچى كىرىپ بويتاق ئوقۇتقۇچى
مۇھەممەتنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن، مەكتى-
پىمىزدىكى سەتەڭ مۇكەررەم خانىمنىڭ ئېرى بىلەن ئاجرىشىپ
كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇق، ئۇلار ئالتۇندەك ئىككى بالىسىنى قاراپ
تۇرۇپلا يېتىم قىلىشتى. مۇكەررەمنى تەشكىل شۇ كۈنى يىراق
بىر يېزا مەكتىپىگە يۆتكىۋەتتى. مۇھەممەت ئون بەش كۈن
«مەمۇرىي توختىتىش» تا — يىغىۋېلىشتا يېتىپ چىقىپ خىزمە-
تىنى قىلىۋەردى. كېيىن ئۇقساق ئەھۋال مۇنداق ئىكەن:

مۇكەررەمنىڭ يولدىشى ناھىيىدىن قىرىق نەچچە كىلومېتىر
يىراقلىقتىكى بىر تاغلىق يېزىنىڭ يېزا باشلىقى ئىدى. ئۇ ئادەم
داۋاملىق شەنبە كۈنى كەچقۇرۇن قايتىپ كېلىپ، دۈشەنبە ئەتى-
گەندە قايتىپ كېتەتتى. يېقىندا ئۇ ناھىيىدە ئېچىلىدىغان بىر

يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن پەيشەنبە كەچ قايتىپ كېلىپ ئويلىمى-
غان يەردىن مۇھەممەت بىلەن ئايالى مۇكەررەمنىڭ رەسۋاچىلىقى
ئۈستىدىن چۈشكەن. ئۇ دەسلەپتە مۇھەممەتنى ئۆلتۈرۈۋېتىش
نىيىتىگە كەلگەن، كېيىن بۇ نىيىتىدىن يېنىپ مۇكەررەمنى
قويۇۋېتىش نىيىتىگە كەلگەن. ۋەقەگە ئىككى نەپەر قوشنىسىنى
گۇۋاھچى قىلىپ، شۇ كېچىسىلا سوت مەھكىمىسىگە ئېلىپ
چىقىپ مۇكەررەم بىلەن ئاجراشقان، مەن مۇشۇ ئائىلە پاجىئەسى-
دىن ھېس قىلدىمكى، دۇنيادىكى بارلىق ئەرلەر، شۇنداقلا ئۇي-
غۇر ئەرلىرى ئۈچۈن قىز - جۇۋانلارنىڭ ئىپپىتىدىن ئارتۇق
قىممەتلىك نەرسە يوق ئىكەن. قىز - جۇۋانلار بۇنى چۈشەنمىگەن-
دە مۇشۇنداق بەختسىزلىك يۈز بېرىدىكەن. قىز - جۇۋانلار ئاشۇ
قىممەتلىك ئار - نومۇسنى كۆرگەنلا كىشىگە يېنىكلىك بىلەن
تەقدىم قىلماي، ئۆمۈرلۈك ھالال جۈپتىگىلا سادىقلىق بىلەن
تەقدىم قىلغاندىلا ئۆز قىممىتىنى، ئىززەت - ئابرويىنى ساقلاپ
بەختلىك بولالايدىكەن ۋە بەختلىك ئائىلىنىڭ ئىگىسى بولالايدى-
كەن. مانا مۇكەررەم خانىم ئون نەچچە يىللىق ئۆيىدىن، ئىللىق
ئائىلىسىدىن ئايرىلدى. ۋاپادار ئېرىدىن ئايرىلدى، بالىلىرى تى-
رىك يېتىم بولدى. ئېرى قاراپ تۇرۇپ ئۇنى قويۇۋەتتى. ئىككى
بالىسىنى يېتىم قىلىشقا چىدىدى. لېكىن خوتۇنىنىڭ ئاشۇ گۇنا-
ھىدىن ئۆتمىدى. بۇ يۇقىرىقى ھېس قىلغانلىرىمنىڭ دەلىلى
بولماي نېمە؟ ئاشۇ پاجىئە ماڭا ئۆز ئېرىمگە سادىق بولۇشنى
ئۆگەتتى.

شۇ كۈنلەردە مېنىڭ ياتاقدىشىم ئامىنە ياتلىق بولۇپ باشقا
يەرگە يۆتكىلىپ كەتتى. پېشقەدەم مۇدىر پېنسىيىگە چىقتى.
زامانىمىزنىڭ مەدەنىي ياشلىرىدىن دولقۇن ئىسىملىك بىر يىگىت
مۇدىر بولۇپ مەكتىپىمىزگە كېلىشى مېنىڭ غەمسىز، كۆڭۈل-
لۈك تۇرمۇشۇمدا يۈز بېرىدىغان پاجىئە ۋە مېنى باسىدىغان پالا-
كەتنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قېلىشىنى مەن نەدىن بىلەي، بەل-

كىم تەقدىر شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان بولغىيدى.

دولقۇن مەكتەپكە كېلىش بىلەن تەڭ ئىشنى ماڭا يەر ئاستى-
دىن يوشۇرۇن قاراش، كۆز ئوينىتىش، قاش ئېتىشتىن باشلى-
دى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن پۇرسەت تاپسىلا ياتىقىمغا كىرىۋا-
لىدىغان بولدى. كېيىن كۆيدۈم، پىشتىمغا چۈشتى. بۇ تازىمۇ
شاللاق بىر نەرسە ئىكەن. بۇ شاللاق مۇدىردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن
ئامالسىز قېيىنانام گۈلخاندىن قالغان ئۆيگە كۆچۈۋالدىم. دولقۇن
يەنىلا بولدى قىلمىدى. ئەگەر مەن ئۇنىڭ شەھۋانىي نەپسىنىڭ
قۇربانى بولسام ماڭا پۇلنى ئايىماي خەجلەيدىكەن. قۇلاق، بويۇن-
لىرىمغا ئالتۇن زىرە، ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن زەنجىر ئاسىدىكەن.
ئۇ مۇشۇ يول بىلەن مېنىڭ ئىپپەت - نومۇسۇم ۋە قەلبىمنى
سېتىۋالىدىكەن. تۇرسۇن يېنىمدا بولمىغاندىن كېيىن بۇ ئىشنى
ھېچكىم بىلمەيمىش، بىلسىمۇ كارى بولماسمىش، ئىككىمىز
شەرمى ھايانى قايرىپ قويۇپ يۈرسەك، يايرىساق كۆڭۈللۈك
ياشىغان بولارمىشمىز.

تۇرسۇننىڭ ماڭا ئوخشاش چىرايلىق خوتۇننى دولقۇندەك
«خورازلار»نىڭ باسماقداپ ئوينىۋېلىشى ئۈچۈن تاشلاپ قويۇپ،
قار - شىۋىرغانلىق تاغدا سوغۇق مىلتىقنى قۇچاقلاپ ئەسنەپ
ياتقۇسى بارمۇ؟ ياق! ھەرگىز ياق! ئۇنىڭمۇ مەن بىلەن كوچىلار-
دا قول تۇتۇشۇپ يۈرۈپ سەيلە قىلغۇسى، بىرگە كىنولارغا،
باغچىلارغا كىرگۈسى، بىرگە تاماق يەپ، يازنىڭ سالقىن، قىسقا
كېچىسى، قىشنىڭ ئىسسىق ئۇزاق كېچىلىرىنى بىخىرامان ئۆت-
كۈزگۈسى يوقمۇ؟ ياق! ئۇنىڭ مەندىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلغۇسى
يوق. ئۇ يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئائىلىلەرنىڭ، دادىلارنىڭ بەختى
ئۈچۈن؛ سەبىيلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن؛ قىز - ئوغۇللارنىڭ مۇھەب-
بەتلىك، لەززەتلىك كۈنلىرىنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشى ئۈچۈن؛
ۋەتەننىڭ تىنچلىقى، خەلقنىڭ بەختى ئۈچۈن ھەممىگە رازى بولۇ-
ۋاتىدۇ، ھەممىگە سەۋرى - تاقەت بىلەن چىداۋاتىدۇ. مەن شۇن-

داق بىر يىگىتنىڭ، ئاشۇنداق بىر ئوفىتسېرنىڭ ئايالى بولغىنىم ئۈچۈن پەخىرلەنمەي، شادلانماي ئۇنىڭ يۈزىگە ئاياغ قويامتىم، ئۇنىڭغا ۋاپاسىزلىق قىلامتىم؟

تۇرسۇن ئوتپوسكا بىلەن كەلدى. كېلىپ ئۈچ كۈن ئۆتكەن بىر كۈنى سىنىپتا دەرس ئۆتۈۋاتاتتىم، دىجورنى مېنى چاقىرىپ «سىزگە تېلېفون بار، تېز چىقىڭ» دېدى. مەن ئىشخانىغا چىقىپ تېلېفوننى ئالدىم، تېلېفون تۇرسۇننىڭ B ناھىيىدىكى بىر نەۋرە ئىنىسىدىن كەلگەنىدى. تۇرسۇننىڭ تاغىسى رەھىم ئاكىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار تېلېفوننى دەسلەپتە گازارمىغا بەرگەن، «تۇرسۇن ئۆيگە كەتتى» دېگەن جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن مېنىڭ مەكتىپىمگە بەرگەنىكەن.

مەن بۇ خەۋەرنى تۇرسۇنغا دېدىم، تۇرسۇن «بىرگە بېرىپ كېلەيلى» دېدى. ئىككىمىز رۇخسەت سوراش ئۈچۈن بىرگە كىردۇق. ئەپسۇسكى دولقۇن مۇدىر سەۋەب كۆرسىتىپ مېنىڭ رۇخسەت سوراش ئىلتىماسىمغا تەستىق سالمىدى. B ناھىيىسىگە بېرىپ كېلىش ئۈچۈنلا تۆت كۈن ۋاقىت كېتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇرسۇن ئالدىراپ ـ سالدىراپ شۇ كۈنىلا يولغا چىقتى. شۇ كۈنى ياتار ۋاقتىدا تالاغا چىقىپ كىرىپ، يېشىنىپ چىراغنى ئۆچۈرۈپ يوتقانغا كىرىشىم بىلەن چىراغ يەنە ياندى، «بۇ نېمە ئىش؟» قورقۇنچ ئىچىدە چۆچۈپ قارىدىم.

دولقۇن مۇدىر چىراغنىڭ يېپىنى تۇتۇپ ھىجىيىپ قاراپ تۇرۇپتۇ، مەن ھاپىلا ـ شاپىلا كىيىنىپ، دېدىم:

— مۇدىر. بۇ سىزنىڭ نېمە قىلغىنىڭىز؟

— رەنجىمەڭ. — دېدى ئۇ تىلىنى چايناپ، — بۇگۈن سىزگە بولغان سېغىنىشىم چېكىگە يەتتى. سېغىنىش ئىشتىياقى ۋە پىراقى مېنى مۇشۇ كويغا سالدى. مەن خېلى بۇرۇنلا مۇشۇنداق قىلىشنى ئويلاپ سىزنى كۆزەتكەن، ئەمما سىز ھەر كۈنى قوشنىڭىزنىڭ قىزىنى ئۆزىڭىزگە ھەمراھ قىلىپ ياتقىنىڭىز ئۈ-

چۇن پۇرسەت بولمىغان، بۇگۈن كۆزىتىپ ئۆزىڭىزنىڭ يالغۇز
ياتىدىغانلىقىڭىزنى جەزىملەشتۈردۈم، شۇڭا پەملەپ تۇرۇپ،
سىزنىڭ تەرەت سۇندۇرغىلى كەتكەن ۋاقتىڭىزدىن پايدىلىنىپ
ئۆيىڭىزگە كىرىۋالغانتىم. خۇش بولاي، سىز…؟

— مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، دەرھال چىقىپ كېتىڭ!
سىز دېگەن مۇدىر، مەن خىزمەتچىڭىز، شۇڭا ئارىمىزدا شەرمى
ھايا بولغىنى تۈزۈك، مەن بۇگۈن بۇ ئىشنى قىلسام، كېيىن
تۇرسۇننىڭ يۈزىگە نېمە دەپ قارايمەن، ئەتە ئاشۇ نارەسىدە بالى-
لار، ئاشۇ ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ يۈزىگە نېمە دەپ قارايمەن، دەر-
ھال چىقىپ كېتىڭ، مېنىڭ تىنچ، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشۇمغا ئارى-
لاشماڭ. قىستۇرۇلۇۋالماڭ، ئەگەر چىقىپ كەتمىسىڭىز ۋار-
قىراپ - جارقىراپ قوشنىلارنى ئويغىتىمەن، — دەپ تەھدىت
سالدىم.

— ھەرگىز ئۇنداق قىلغۇچى بولماڭ، مېنى قىينىماڭ،
پۇل دېسىڭىز مانا پۇل، — ئۇ يانچۇقىدىن بىر باغلام پۇلنى
ئېلىپ ئاۋۋال غالىبانە پۇلاڭلىتىپ، كېيىن ماڭا ئۇزاتتى. غەزى-
پىم قايناپ تاشتى:

— نېمانچە پەس ئادەمسىز، كۆزۈمدىن يوقىلىڭ، — بۇ
گەپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا قانداق كىرسۇن. ئۇ ھىجىيىپ شۆلگەيلىرى-
نى ئېقىتقان ھالدا غۇلىچىنى كەڭ كېرىپ «ئاھ، سارەم» دەپ
ماڭا تاشلاندى. قورقۇنچ، ئار - نومۇس، غەزەپ - نەپرەت
ئارىلىشىپ تىترەۋاتقان ۋۇجۇدۇمغا، تۇرسۇننىڭ كۇلۇپ تۇرغان
چىرايى، مۇھەببەتكە، جورىسىغا بولغان ساداقىتى ۋە مۇھەببىتى
كۈچ - قۇۋۋەت بېغىش ئەتتى. دولقۇن مېنى خۇدى سا چۇجىنى
باسماقدىغاندەك باسماقداپ ئۆزىگە تەئەللۇق بولمىغان لەززەتتىن
بەھرىمەن بولماقچى بولۇۋاتاتتى. ئاچچىق ئەلەم، ئاجىزلىق ۋە
خورلىنىش ئىچىدە ئۇنىڭ جان يېرىگە كېلىشتۈرۈپ بىرنى تەپ-
تىم. ئاغزىدىن گۆپۈلدەپ ھاراق پۇراپ تۇرغان بۇ مەلئۇن بىر

تېپىك بىلەن كارىۋاتتىن پەسكە دومىلاپ چۈشتى. مەن پۈرسەت-
تىن پايدىلىنىپ سىرتقا قاچماقچى بولغان بولساممۇ قاچالمىدىم.
ئۇ يەردە بىر نەچچە دومىلاپ قوپقاندىن كېيىن تەلەتى بىردىنلا
قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرىپ، غەزەپلىك خىرقىرىدى:

— ھەي قانجۇق، مېنى مۇشۇنداق خارلامسەن ـ ھە؟! سەن
قانچىلىك نېمىتىڭ؟ ھەي شەقىقى، دولقۇن نوچىنى ھېچبىر
ئايال سەندەك خارلىغان ئەمەس. مەن سەندەكلەرنىڭ نەچچىسىنى
ئالىقىنىمدا ئوينىتىپ، قۇچىقىمدا يايراتقان. ئەگەر ياۋاشلىقچە
ئالدىمدا تىزلىنىپ، قۇچىقىڭغا ئېلىپ بۇ گۇناھىڭ ئۈچۈن ئەپۇ
سورىمىساڭ، ھازىرلا جېنىڭنى ئالىمەن، قېنى ۋارقىراپ باقە،
يا قوينۇڭغا ئېلىپ سۆيۈشكە تۇر، يا ئۆلۈشكە!!

مېنىڭ كۆزۈمگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەي قاتتىق ۋارقىرىۋەت-
تىم:

— يوقال! ھازىرلا يوقال!

— ماقۇل، مەن يوقىلاي، سەنمۇ بۇ دۇنيادا ياشىما، كىم
بىلەتتى، بۇ ئۆيدە ئۆلۈكۈڭ سېسىپ قۇرتلاپ كەتكەندىن كېيىنلا
ئېرىڭ قايتىپ كېلىپ چۇقان كۆتۈرىدۇ. لېكىن نېمىلا قىلغان
بىلەن بىكار، — ئۇ يېنىدىن ئىككى بىسلىق خەنجىرىنى سۇغۇ-
رۇپ ئېلىپ ماڭا قارىتىپ ئاتتى. ئۇ غالجىرلاشقان ۋە ھەممىنى
ئۇنتۇپ ئەسەبىيلەشكەن ئىدى، ئەمما خەنجەر قىيپاش كېتىپ
تامغا سانجىلىپ قالدى. بۈگۈن چۈشتە تۇرسۇن B ناھىيىسىگە
مېڭىش ئالدىدا تاپانچىسىنى ماڭا بېرىپ: «بۇنى تۇغقان يوقلىغان
يەرگە كۆتۈرۈپ بېرىش ھاجەتسىز، شۇڭا ئۆيدە قالسۇن، پۇختى-
راق جايغا قويۇپ قويارسەن» دېگەنىدى. مەن ئىلگىرىمۇ گازار-
مىدا تۇرسۇن بىلەن بىرگە بولغان كۈنلەردە تاپانچا ئېتىشقا قىزى-
قىپ قالغان ۋە سىرتقا چىقىپ تاغ ئارىلاپ ئاتلىق ساياھەت قىلىپ
يۈرگەن چاغلاردا ئېتىشنى ئۆگىنىۋالغانىدىم. ئاشۇ قىزىقىش
تۈپەيلى باياتىن يېتىش ئالدىدا تۇرسۇننىڭ تاپانچىسىنى قولۇمغا

ئېلىپ ئوقلاپ، ئوقنى ياندۇرۇپ دېگەندەك بىر هازا هەپىلىشىپ ياستۇقۇم ئاستىغا باستۇرۇپ قويغاندىم. جانغا هالاكەت يېتىۋاتقان، هاياتىمغا، بەختىمگە بىراۋ قەست قىلىۋاتقان هايات ـ ماماتلىق ئالدىدىكى جىددىي پەيتتە ئۆز دۈشمىنىمگە تاقابىل تۇرۇش ئېهتىياجى تۇيەيلى بولسا كېرەك، ئاشۇ تاپانچا يادىمغا يەتتى. دولقۇن كارىۋاتقا سەكرەپ چىقىپ تامدىن خەنجىرىنى تارتىپ ئېلىشى بىلەن مەن ياستۇق ئاستىدىن تاپانچىنى ئېلىپ، كارىۋاتتىن پەسكە ئۆزۈمنى ئاتتىم ۋە تاپانچىنى ئوقلىدىم. دولقۇن ماڭا ئىككىنچى قېتىم ئۇرغان خەنجەر ئىچ كۆڭلىكىمنىڭ ئالدىنى يىرتىپ مەيدەمنى غېرىچ ئۆزۈنلۇقتا جىجاپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇخەنجەرنى ئۈچىنچى قېتىم كۆتۈرۈشى بىلەن تاپانچىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ كىرژۇكنى باستىم، «پاك ـ پۇك» قىلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن بىر نەچچە پاي ئوق چىقىپ كەتتى. ئۆي ئىچىنى مىلتىق دورىسىنىڭ قاڭسىق ۋە ئاچچىق هىدى بىر ئالدى. دولقۇننىڭ پىچاق تۇتقان ئوڭ قولى هاۋادا لەيلەپ قالدى. گېلىمنى سىقىپ مېنى تامغا نىقتاۋاتقان سول قولى بوشاپ بىر نەچچە تولغىنىپ ۋاي ـ ۋايلاپ ئاياغ ئاستىمغا پالاققىدا يىقىلىپ قانغا مىلىنىپ جان بەردى. ئاھ، خۇدا!... مەن شور پېشانە نېمىلەرنى قىلدىم؟! بالايى ـ قازا مۇشۇنداق تېرىلدى.

ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كەتكەن قولۇم ـ قوشنىلار، ئولاش ـ چولاش ئۆيگە كىرىشتى، ئەهۋالنى كۆرۈپ بەزىلەر ئەلەملىك باش چايقاشسا، بەزىلەر هەسرەت بىلەن ئېغىر تىنىشتى. مەن تاپانچىنى تۇتقان پېتىم پەگادا قاققان قوزۇقتەك قېتىپ تۇرۇپ قالغاندىم، بىردەمدىن كېيىن ساقچىلار پەيدا بولۇپ مېنى ئەپكېلىپ قاماشتى.

هۆرمەتلىك ئادۋوكات ئەپەندى، ئەمدى مېنى چۈشەنگەنسىز. قالغىنىنى دېلونى بىۋاستە كۆرۈپ ۋە قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈپ بىر نېمە دەرسىز. ماڭا قانۇن ئادىل هۆكۈم قىلىدۇ، مەن بۇنىڭغا

ئىشىنىمەن. سىزنى ئاۋارە قىلغىنىم ئۈچۈن مېنى ئەپۇ قىلغاي-
سىز.

04 نومۇرلۇق كامېر، سارەم.

※ ※

ھۆرمەتلىك كىتابخان: بىر ھەپتىدىن كېيىن ئوچۇق سوت داغدۇغىلىق ئېچىلدى. ئەيىبلىگۈچى ئەيىبلەش سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاڭلىغۇچىلار «قېنى ئادۋوكات ئەپەندى نېمە دەركىن» دېگەندەك ماڭا قاراشتى. مەن قانۇننىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرىنى دەلىل كەلتۈرۈپ سارەمنىڭ «قاتىللىق» قىلمىشىنىڭ يوللۇق قوغدىنىشقا ياقىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردۈم. باش سوتچى، سوتچى، زاسداتېل سەھنىدە بەش مىنۇتلۇق كېڭەشمە يىغىن ئاچتى. كېڭەشمە يىغىندىن كېيىن باش سوتچى سارەمنى «گۇناھسىز» دەپ ئېلان قىلىپ، «مەزكۇرنى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى تاپشۇرۇپ ئالسا بولىدۇ» دېگەندە ئاڭلىغۇچىلار گۈلدۈراس ئالقىشلار بىلەن قانۇننىڭ ئادىللىقىغا ئاپىرىن ئېيتىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى.

تۇرسۇن سارەمنى يېتىلەپ سەھنىدىن چۈشۈپ سىرتقا چىقىپ كېتىۋاتقاندا مەن قانۇننىڭ كۈچ - قۇدرىتى ۋە ئادىللىقىغا، ئادۋوكاتلىق بۇرچۇمنىڭ مۇقەددەسلىكىگە قايىل بولغان ھالدا بەختكە ئېرىشكەن بۇ بىر جۈپ ياشقا ئامەت ۋە خۇشاللىق تىلىدىم.



# ئاق يولۋاس

«ۋەيرانى» دېگەن بۇ لەقەم قاچان، قەيەردە كىملەر تەرىپىدىن بۇ ئاداشقا قويۇلۇپ سىڭىپ قالغانىكىنتاڭ، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئاللىقاچان كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن بولۇپ، «سەمەت ۋەيرانى» دېسە ئۇنى يىراق - يېقىندا ۋە مۇشۇ ناھىيە بازىرىدا تونۇمايدىغان كىشىلەر ناھايىتى ئاز ئىدى. مەن بۇ ئادەمنى دەسلەپ كۆرگەن ۋە ئىسمىنى ئاڭلىغان چېغىمدا، «سەمەت» دېگەن ئۆز دادىسى ئەزان چىللاپ قويغان ئىسمى بولسا «ۋەيرانى» دېگەن تەخەللۇسى بولسا كېرەك، دېگەن ئويلاردا ئىدىم. نېمىشقا دېسىڭىز، ھازىرى مەتبۇئاتلاردا شېئىر ئېلان قىلىۋاتقان بىر قىسىم شائىرلارنىڭ «ھەيرانى»، «دەۋرانى»، «سەرسانى»، «چولپانى»، «دۇردانى» ئەدەبىي تەخەللۇسلىرىنى بىز داۋاملىق ئۇچرىتىپ تۇرغاچقا كىشىنىڭ مۇنداق گۇماندىن خالىي بولمىقىمۇ تەسكەن. مەن ئۇنى ئەسلىي بۇ كىشى بىر شائىر بولغان بولسا كېيىنكى كۈنلەردىكى بازار ئىگىلىكىنىڭ دولقۇنىدا «تەۋەككۈل» دەپ دېڭىزغا چۈشۈپ، سودا بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىن شىركىتى ۋەيران بولۇپ، قايتا ئەسلىگە كېلەلمەي تەقدىرگە تەن بېرىپ يۈرگەن كىشىمىكىن دېگەن ئويلاردىمۇ بولغانىدىم. كىشىلەردىن ئۇقسام ئۇ ئىلگىرى-كېيىن شائىرمۇ بولمىغان ياكى بازار ئىگىلىكىنىڭ دولقۇنىدا شىركەت - پىركەت دېگەنلىرىمۇ ۋەيران بولمىغانىكەن. كونىلارنىڭ «لەقەم بېھىشتىن چىقىدۇ» دېگەن گېپى بار. ئەمدى لەقەم توغرىسىدىكى گەپلىرىمىزنى لەقەم تەتقىقاتچىلىرىغا قويۇپ،

ئەسلىي گېپىمىزگە كەلسەك، ئۇ يېشىغا قىش ۋە ياز ئاشۇ 1960 - يىللاردا مودا بولغان كونا بىر سېرىق ھەربىيچە شەپكىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ يۈرەتتى، ئۇچىسىغىمۇ ئاشۇ يىللاردا مودا بولغان قارا چىبەرقۇتتىن تىكىلگەن توقۇلما ياقىلىق كونا پالشوپ- كا چاپاننى كىيىپ، بېلىنى شوينا بىلەن باغلاپ، توپاقتەك يوغان كەلگەن ئاپئاق بىر ئىتنى بارماقتەك توملۇقتىكى قوبىما زەنجىر بىلەن باغلاپ، بىزنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى سۆگەتلىكتە يېتىلەپ يۈرەتتى. مەن ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئالدىراپ ئىشقا ماڭغان ۋە كەچتە قايتىپ كەلگەن چېغىمدا، بۇ ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالاتتىم. مەن ئۇنىڭغا يېنىكلا باش لىڭشىتىپ سالام قىلسام، ئۇمۇ ماڭا قاراپ ھىڭگىدا بىر كۈلۈپ باش لىڭشىتاتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ ھىڭگىدا بىر كۈلگىنى مېنىڭ سالىمىمنى ئىلىك ئالغىنى ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئۆينىڭ نەدىلىكىنى، بالا - چاقىسىنىڭ بار - يوقلۇقىنى، نېمە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم، ھاتتا ئۇنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان. ئاۋازى خىرقىراقمۇ ياكى قوپال غاراڭ - غۇرۇڭ چىقامدۇ، ماڭا نامە- لۇم. كونا ۋېلىسىپىتىمنى مىنىپ ئىشقا ماڭغان چېغىمدا، ئۇنىڭ بىلەن پۇتۇشۇپ قويغاندەكلا ئۇچرىشىپ قالاتتۇق. ئۇ مېنىڭ كىملىكىمنى، ئىسمىمنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمدۇ - يوق، بىلمەي- مەن. لېكىن مەن ئۇنىڭ سەمەت ۋەيرانى ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ مۇڭداشقۇم، سىر- داشقۇم، نېمە ئۈچۈن بۇ يوغان ئىتنى مۇشۇ ئەتراپتىلا يېتىلەپ يۈرۈيدىغانلىقىنى سورىغۇم بولسىمۇ، ھېلىقى يوغان ئىتنىڭ ھەي- ۋىسىدىن تېنىم ئەيمىنىپ، يېنىغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايت- تىم، ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىدىغانلارمۇ ئاز ئىدى. ئۇنىڭ يېتىلىۋالغان ئىتى ھازىرقى زاماندا بېقىش مودا بولغان ماشكىمۇ ئەمەس ياكى چەت ئەللەردىن كىرگەن ئاجايىپ شەكىلدىكى تۈم- شۇقى يوغان يۇڭلۇق ئىتلاردىنمۇ ئەمەس، دەل قۇلىقىنى كەس-

كەن ئۇيغۇرنىڭ يەرلىك ئىتلىرىدىن ئىدى. مەن ئىلگىرى ھەر-خىل، ھەر شەكىلدىكى نۇرغۇن ئىتلارنى كۆرگەن، يەرلىك ئىت-لاردىنمۇ نۇرغۇنى ئالدىمدىن ئۆتكەن، لېكىن مۇنداق چوڭقايغان ئىتنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن. بىر كۈنى كەچتە چد-شىم يەل تارتىپ، ئەتىسىدىن باشلاپ شۇنداق قاتتىق ئاغرىپ كەتتىكى ئەيىۋھەنناس، ئاغرىق دېگەن مۇنداق يامان بولماس، زادىلا جان قويىدىغان يەر تاپالماي قالدىم، دوختۇرنىڭ دورىسى كار قىلمىدىغان، يېگەن دورام، سالدۇرغان ئوكۇلنىڭ ھېچ ئۈنۈ-مى بولمىدى. تارتتۇرۇۋېتىپلا قۇتۇلاي دېگەن يەرگە كېلىپ، چىش دوختۇرىنىڭ قېشىغا نەچچە باردىم ئۇنامدىغان، «چىشىڭىز-نىڭ ئەتراپى، يۇزلىرىڭىز ئاشۇنداق زاغرا ناندەك ئىششىق تۇر-سا. قانداق تارتقىلى بولىدۇ، ئىششىغان چىشنى تارتىش تېبابەت ئىلمىدا مەنئى قىلىنغان، چىداڭ» دەپ گەپنى تۈگەتتى. كۈندۈ-زى ئارام يوق، كېچىسى ئۇيقۇ، بىر دەم ئولتۇرسام بىر دەم قوپە-مەن، بەزىدە چىدىماي «ۋايجان - ۋاييەي» دەپ، يەردە ئېغىناپ يۇمىلاپ كېتىمەن، ئىشقىمۇ بارالمىدىم. قەيەر ئاغرىسا جان شۇ يەردە دېگەندەك، بۇ چىش ئاغرىقى دەستىدىن قاقشاپ يۈرۈپ نېمە قىلارىمنى بىلمەيلا قالدىم. قىلغان سەۋەبلەر، تىلىگەن تەلەپلەر-نىڭ ھەممىسى بىكارغا كېتىۋاتاتتى.

بىر كۈنى كەچتە ھويلىدا ئاغرىق دەستىدىن بولالماي ئالدى - كەينىمگە مېڭىپ غىڭشىپ يۈرسەم، ئۇن تۆت ياشلىق ئوغلۇم پەرھاتجان ئەمدىلا قانات چىقىرىپ لەپشىم بولغان كەپتەر-نىڭ باچكىسىدىن تۆتنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ.

— ساڭا كىم بەردى بالام بۇ باچكىلارنى، بىر يەردىن ئوغرد-لىمىغانسەن؟

— كىم بېرەتتى دادا، ھېلىقى سەمەت ۋەيرانى دېگەن ئادەم بەردى. باياتىن دوستلىرىم بىلەن بىرگە قوغلاشماق ئويناپ، ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ قاپتۇق، ئۇنىڭ ئۆيى مۇشۇ سۆگەت-

لىكىنىڭ يۇقىرىسىدىلا ئىكەن. مېنى كۆرۈپ: «ھەي پەرھاتجان
داداڭ كۆرۈنمەيدىغۇ؟ بىر يەرگە خىزمەتكە كەتتىما» دېدى. مەن
«چىشى ئاغرىپ ئىششىپ كەتتى، ئۆيدە ياتىدۇ» دېدىم. ئۇ
«مەكە دورىسى مەندە بار» دەپ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، مۇشۇ تۆت
باچكىنى كۆۋۈكتىن ئېلىپ بەردى، ئاندىن «ئەپەندىمگە دېگىن،
بۇ باچكىدىن ئەتىگەندە بىرنى، كەچتە بىرنى بوغۇزلاپ، قېنىنى
قىزىق پېتى ئاغزىغا ئالسۇن، ئاندىن ئاغرىغان تەرەپنىڭ يۈزى
ۋە قۇلىقىنىڭ ئالدى - ئارقىسىغا سۈركەپ، گۆشىنى شورپا
قىلىپ ئېچىپ، چۈمكىنىپ ياتسۇن، ساقىيىپ كېتىدۇ» دېدى،
شۇنداق قىلىپ باققىنا! — دېدى. مېنىڭ قىلمىغان ئاماللىرىم-
دىن مۇشۇ قالغانىدى. بوپتۇ بۇ سەۋەبىمۇ قىلىپ باقاي، دېدىم-
دە، قوشنىمىز ھېلىم قاسساپنى چاقىرىپ كىرىپ، باچكىنى
بوغۇزلاپ قېنىنى ئاغزىمغا ئېقىتىپ، قۇلىقىمنىڭ ئالدى - كەي-
نىگە سۈركەپ، جىمجىت چۈمكىنىپ ياتتىم. باچكىنىڭ گۆشى
بىردەمدە پىشتى، سۈيىنى تازا ئىچىپ، گۆشىنى يەپ، يوتقانغا
كىردىم. قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن، بىرەر ھەپ-
تىدىن بىرى تۈزۈك ئۇخلىيالمىغان ئادەم خۇدۇمنى بىلمەيلا ئۇخ-
لاپ كېتىپتىمەن. بىر چاغدا ئويغانسام تاڭ ئېتىپ، كۈنمۇ
چاشكا ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ. چىشىمنىڭ ئاغرىقىمۇ تۈنۈگۈنكىدىن
سەل پەسلەپ قاپتۇ، نېمە بولسا بولسۇن بىر كېچە ئوبدان ئۇخلاپ-
تىمەن. سەمەت ۋەيرانى ئەمدى ھېلىقى ئەسكى چاپان، يىرتىق
شەپكە ۋەيرانى ئەمەس، خۇددى بىر مەشھۇر تېۋىپتەك كۆز ئال-
دىمدا پەيدا بولدى. مېنىڭ چاچلىرىنى مايلاپ پارقىرىتىپ، كاس-
تۇم - بۇرۇلكىسىنى قاتۇرۇپ كىيىپ، گالىستۇك تاقاپ، خۇد-
دى شەھەر ئالغان غالىب گېنېراللاردەك كوچىغا پاتماي يۈرۈيدى-
غان بىر تالاي دوست - بۇرادەرلىرىم بولىدىغان، مەن چىش
ئاغرىقىنىڭ دەستىدىن قاقشاپ يۈرگەن مۇشۇ كۈنلەردە ھېچقايسى-
سىنىڭ يادىغا مۇشۇ سەمەت ۋەيرانىنىڭ ئەقلىچىلىك ئەقىل كەل-

مەپتۇ، شۇلارمۇ دوست بولدىمۇ. ئەسلىي دوست سەمەت ۋەيرانى ئىكەن. نىمىلا دىگەنبىلەن ئۇ باشقا كۈن چۈشكەن، جان ئاغرىغان چاغدا ئەسقاتتى. شۇنداق قىلىپ ئىككى كۈندە ساقىيىپ كەتتىم. ساقايغاندىن كىيىن، ئۇنىڭغا ئاشۇ تۆت باچكىنىڭ پۇلىنى بىرىپ، ئۆيگە چاقىرىپ بىر مىھمان قىلارمەن دەپ ئويلىغانىدىم، لىكىن سەمەت ۋەيرانىنى بىر نەچچە كۈنلەردىن بۇيان ئۇچراتمايلا قويدۇم.

ئاردىن تەخمىنەن ئون نەچچە كۈن ئۆتكەن بولسا كىرەك، ئىشتىن يىنىپ كىلىۋاتسام سەمەت ۋەيرانى ئاشۇ سۆگەتلىكتە يەنە ئىت يىتىلەپ يۈرۈپتۇ، ئۇنى كۆرۈپ ۋىلىسىپىتتىن چۈشتۈم، ئۇمۇ مىنى كۆرۈپ ئىتىنى يىتىلىگەن پىتى ئالدىمغا كەلدى. ھىلىقى ئىتنىڭ خۇددى پىيالىدەك يوغان كۆزلىرىدىن چاقنىغان سوغۇق كۆكۈچ نۇرىدىن يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپلا قالدى. لىكىن بۇ ئىت مىنى كۆرۈپ يا قاۋىمىدى، يا زەنجىر تارتىپ خىرقىراپ ماڭا ھەيۋە قىلمىدى، خۇددى سەمىرىپ ئۆزىنى كۆتۈرەلمەي قالغان مەكىت قويىدەك ئاستا قەدەم بىلەن سەمەت ۋەيرانىغا ئەگىشىپ كىلىۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

— خىلى كۈنلەر بولدى، كۆرۈنمىدىڭىزغۇ؟

— تايىنى يوق ئىشلار بىلەن دىپىلە ئەپەندىم، بىر يەرلەرگە بىرىپ كەلدۇق.

ئۇنىڭ ئاۋازى خىرقىراپ چىقىدىكەن.

— ساقىيىپ قالغانلا؟

— ساقىيىپ قالدىم، ماڭا تازا ئەسقاتتىلا جۇمۇ سەمەتىكا! (قارىماققا يىشى مەندىن چوڭ ئىدى) سىلىگە نىمە دەپ رەھمەت ئىيتسام بولار، ھە، راست باچكىنىڭ پۇلىنى...— مەن تۆش يانچۇقۇمغا قول ئۇزارتتىم.

— ۋاي نېمە دەيدىغانلا ئەپەندىم، ئۇ دېگەن كەپتەرنىڭ مايدىقى دېسىلە، شۇنىڭغىمۇ پۇل ئالامدۇ كىشى، بىز دېگەن بىر مەھەللىدە تۇرساق، — شۇنچە قىلسامىمۇ ئۇ پۇل ئالغىلى ئۇنىمىدى.

— سىلى راستىنىلا تېۋىپكەنلا جۇمۇ؟

— نەدىكىنى، ئۇ دېگەن ھەممە كىشى بىلىدىغان ئاددىي ساۋات، مۇنداقچە دېسەك بېشىمىزدىن ئۆتكەن تەجرىبە دېسىلە، — گەپ ئارىلىقىدا سەمەت ۋەيرانىغا سەپسېلىپ قارىدىم: ئۇنىڭ يۈزلىرىنى يول - يول قورۇقلار قاپلىغان، تېخى بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى پاكىز قىردۇرغان ساقاللىرى يەنە بىخلىنىپ خۇددى كىرپىنىڭ تىكىنىدەك چىقىشقا باشلىغان بولۇپ، پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ قاڭشارى ئېگىز، بۇرنىنىڭ ئۇچى خۇددى بۈركۈتنىڭ تۇمشۇقىدەك ئالدىغا ئېگىلگەن، قاپقارا قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى يوغان - يوغان پال كۆزلىرىدىن ياشلىق نۇرى ئاللىقاچان ئۆچكەن بولسىمۇ، يەنىلا مېھرىبانلىق نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى.

— يۈرسىلە، بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، ئازادە ئولتۇرۇپ، تازا بىر مۇڭداشقۇم بار ئىدى، ۋاقتىدا ئۇچراپ قالدىلا، — دېدىم.

— خوش ئەپەندىم، — دېدى ئۇ بېشىدىكى كونا ھەربىيچە شەپكىنى ئىختىيارسىز ھالدا ئوڭ قولىغا ئېلىپ، ئاپئاق ئاقارغان چاچلىرىنى بىر قېتىم سىلىغۋەتكەندىن كېيىن، يېنىدىكى ئىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بىزنىڭ ئاق يولۋاس ماڭا بەك ئىجىل دېسىلە، بۇ يەرگە باغلاپ قويساق ئوششاق باللار چالما ئېتىپ «ئالە - كىش - كىش» دېيىشى تۇرغان گەپ، شۇڭا يەنە بىر كۈنى كىرەرمەن.

— نېمىشقا بۇ يەرگە باغلاپ قويغۇدەكسىز؟ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كېتەيلى، ھويلىمىز كەڭرى.

— ماقۇل دېسىلە ئەپەندىم. ئاق يولۋاسنىڭ مىجەزىنى سىلە بىلمەيلا، يەنە بىر كۈنى ھە، بۇ قېتىم خاپا بولمىسىلا! — دېدى ھىڭگىيىپ تۇرۇپ.

مەن شۇندىلا بۇ ئىتنىڭ ئىسمىنىڭ ئاق يولۋاس ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

— خوش سەمىتىكا!

مۇشۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن، ئىككى كۈن ئۆتۈپ بىر كۈنى ئەتىگەندە ئىدارىغا بارسام، ئىدارە باشلىقى مېنى ئۇرۇمچىگە ئۇچ ئايلىق بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى. «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە ئاسراش» تېما قىلىنغان بۇ كۇرسقا پۈتۈن شىنجاڭدىكى سەكسەن نەچچە ناھىيە ۋە شەھەردىن كەلگەن مەخسۇس مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپداشلار يىغىلغانكەنمىز. ھەر كۈنى بىزنىڭ پاراڭلىرىمىز قەدىمكى مەڭگۈ تاشلار، قەدىمكى شەھەر ۋە قەلئە خارابىلىرى، قەدىمكى جەسەتلەر ۋە قەبرىستانلىقلار، مىڭئۆيلەر ۋە قىياتاش رەسىملىرى ئۈستىدە بولاتتى. بىز بىر ياتاقتا ئاققاشلىق، يېڭىيەرلىك، يېڭىۋاتلىق، قەلئەلىك بولۇپ تۆت كىشى بىر ياتاقتا ياتاتتۇق. بىر كۈنى توساتتىنلا پاراڭلىرىمىز ئىتىمىدىن چەتنەپ، كەپتەر ھەققىدە بولۇپ كەتتى، ئەسلىدە يېڭىيەر ناھىيىسىدىن كەلگەن ياتاقدىشىمىز كېرىمنىياز قادىر كەپتەرۋاز ئىكەن. ئۇ زامانىمىزدىكى مودا بولۇپ بېقىلىۋاتقان «گەر»، «شىنگىر»، «ئالاقاغا»، «بالداق»، «كۆك»، «ياۋاكۆك»، «دوقا كۆك»، «چوڭ بورۇن» دېگەندەك ئاللىقانداق كەپتەرلەر ھەققىدە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەيلا سۆزلەپ كەتتى، ئەڭ ئاخىرىدا يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئامېرىكىدىن ئېلىپ كىرگەن «قونداق پادشاھى» دېگەن ئاجايىپ يوغان گۆش كەپتىرى، ئۇنىڭ سېمىزلىرىدىن بىر يېرىم كىلو، ھەتتا ئىككى كىلو گۆش چىقىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئاشۇ گۆش كەپتىرىنى

بېقىپ بېيىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ئاجايىپ قىزىقارلىق پاراڭلارنى سېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىسام، بۇ كەپتەرۋاز خەق دېگەنمۇ ئۆز ئالدىغا بىر دۇنيا ئېكەن. ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا دۆلەت ئېتىراپ قىلمىغان، قەغەزگە يېزىپ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلمىغان ئەدەپ - ئەخلاق ۋە قائىدە-مىزانلىرى بار ئىكەن. بۇ مىزانلار شۇنداق چىڭ ئىكەنكى، ئۇلار ئاشۇ ئادەتكە ئايلانغان ئۆزىنىڭ قانۇن - مىزانلىرىغا زورلۇق كۈچسىزلا ئەمەل قىلىشىدىكەن، ھەتتا باشقىلارغا ئاتايتەن ئىزاھات بەرمىسە چۈشەنمەيدىغان، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرى چۈشىنىدىغان تىللىرى بار ئىكەن. مەن كېرىمنىياز قادىرنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، ئۆزۈممۇ كەپتەر بېقىشقا قىزىقىپ قالدىم. بۇ قېتىم ئۆگىنىشتىن يېنىپ بېرىپلا ئۆگزىمىزگە بالىخانىدىن بىرنى سېلىپ، ئاۋۋال ئەرزان كەپتەرلەردىن، كېيىن قىممەتلىرىدىن بېقىشنى نىيەت قىلىپ، بالىخانىنى ئۆگزىمىزنىڭ قايسى تەرىپىگە سالسام بولار؟ دېگەن خىياللار بىلەن ئىچىمنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن.

— ئەپەندىم خىيالغا پېتىپ كەتتىڭىزغۇ؟ — دېدى كېرىمنىياز قادىر.

— ياقەي، گېپىڭىزنى قولاق سېلىپ ئاڭلاۋاتىمەن.

— ئەگەر كەپتەر باققۇڭىز كەلسە ئۆگىنىشتىن يېنىپلا يېڭىيەرگە بېرىڭ، مەن سىزگە تازا كاتتا كەپتەردىن بىر نەچچىنى بېرەي.

— بولدى، بېرىدىغان يەر بولسا كىم بارمايدۇ، بارسام باراي، — دېدىمەن دەررۇ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ.

— قايتقاندا چوقۇم بېرىڭ، مەن سىزنى كۈتۈۋالىمەن، ئەگەر بارالماي قالسىڭىز كەپتەرنى ھەرگىز بازاردىن ئالماڭ، سىز ناچار، كېسەل كەپتەرلەرگە ئۇچراپ قالماڭ يەنە. بەزى ناچار كەپتەرۋازلار بارغۇ، بازارغا ئاشۇنداق كەپتەرلىرىنى ئەپكې-

رىپ ساتىدۇ. ئەگەر ئالدىراپ قالسىڭىز بارغۇ، سىلەرنىڭ قەلئە ناھىيە بازىرىدا سەمەت ۋەيرانى دېگەن بىر كىشى بار، بىلىدىغانسىز؟ ھېلىقى ئاق يولۋاس دېگەن يوغان ئاق ئىتى بار ئاداشنى؟

— تونۇيمەن، بىز تېخى يېقىندىلا تونۇشتۇق، ئۇ سەمەت ۋەيراننى سىزمۇ تونۇمسىز؟

— تونۇمامدىغان، ئۇ ۋەيرانى دېگەن ئاداشنى. مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقىلى ئون يىلدىن ئاشتى، ئاجايىپ تونۇيمەن دەڭا. مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بىر نەچچە قېتىم بارغان، ئۇنىڭ كەپتەرلىرىدىن ئەپكىلىپ باققان. ئۇ ئادەتتە تونۇش - بىلىشلىرىدىن بىر نەچچە كەپتەر ئۇچۇن پۇل ئالمايدۇ، قارىماققا ئاشۇنداق جۇلدۇر كېيەن تۇرغىنى بىلەن قالتىس باي نەرسە ئۇ. كونىلارنىڭ «ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە ئادەم بار» دېگەن بىر تەمسىلى بار، مۇشۇ تەمسىل ئاشۇ سەمەت ۋەيرانىغا قالتىس ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭ كەپتەرلىرى پۈتۈن شىنجاڭ تەۋەلىكىگە مەشھۇر، بىزنىڭ يېڭىيەر تەۋەسىدىكى كەپتەرۋازلار ئىچىدە سەمەت ۋەيرانى دېسە ئۇنى تونۇمايدىغىنى يوق. مەن مۇشۇ يەرگە كېلىشتىن بىر ئاي بۇرۇن ئۇ يەكەنگە كەلگەن ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا بىر جۈپ كەپتەر ئېلىپ بەردىم، ئاندىن ئاشخانىغا ئېلىپ كىرىپ مېھمان قىلىپ يولغا سېلىپ قويغان.

— بۇ سەمىتىكام شۇنداقلا ياۋاش، خۇددى قوينىڭ قوزىسىدەكلا بىر ئادەم، ئۇ قانداقمۇ سىلەرنىڭ يەكەن تەرەپلەردە، تېخى ئۇنىڭ كەپتەرلىرى پۈتۈن شىنجاڭغا مەشھۇر دەيسىزغۇ؟

— شۇنچە مەشھۇر ئادەمنى ھەتتا قوشنىسىمۇ ياخشى بىلمىسە، بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، دېمەكچىمەنكى سىز دېگەن كەپتەرۋاز ئەمەس، سەمەت ۋەيرانى پەقەت كەپتەرۋازلار ئارىسىدا مەشھۇر. ئۇنى زامانىمىزدىكى كەپتەرۋازلار دۇنياسىنى ئىشغال قىلغان گېنېرال دېسەكمۇ بولىدۇ، ئەمما ئۇ ئاداش ئاشۇ كەپتەرلىرىنى بېقىۋەرمەي نەدىن بىر ئاق ئىتنى پەيدا قىلىپ، ئۇ

شىنجاڭدىكى ئىتتىپاقلىق سورۇنلىرىغىمۇ خىرىس قىلغىلى تۇر-
دى، — دېدى كېرىمنىياز قادىر بىرخىل ئىرازىلىق ئاھاڭ
بىلەن، — شۇنىڭ بىلەن ھازىر ئىتتىپاقلارنىڭ يېگەن نېنى نان،
ئىچكەن ئېشى ئاش بولمىدى.

قەلئە ناھىيىسىنىڭ بازىرىدا مۇگدەپ يۈرۈيدىغان غېرىب
كېپەن ئاشۇ سەمەت ۋەيرانى ھازىر مېنىڭ كۆز ئالدىمدا كەپتەر-
ۋازلار دۇنياسىنى بويسۇندۇرغان ئىشغالىيەتچى گېنېرال، ئىت-
ۋازلار دۇنياسىغا خىرىس قىلغان بىر گىگانت قەھرىمان بولۇپ
گەۋدىلەندى.

بىر جۈمە كۈنى ئەتىگەندە قارىسام تاماقتىن كېيىنلا كېرىم-
نىياز قادىر سومكىسىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا مېڭىپ قالدى.

— نەگە ماڭدىڭىز، بۈگۈن تېخى جۈمەغۇ؟

— رۇخسەت سورىدىم!

— نەگە بارىسىز؟

— ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى بىر نەچچە ناھىيە، شەھەرلەرگە
بىر بېرىپ كېلەيمىكىن دەيمىنا، — دېدى كېرىمنىياز قادىر.

— ئۇ بىر نەچچە ناھىيە، شەھەرگە نېمىگە بارىسىز، بازار
ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كەلگىلىمۇ؟ سودىگەرچىلىك قىلاي دەمسىز
نېمە؟

— ئۇنداق ئەمەس!

— ئەمىسە...

— ئىت ئىزدەپ دەڭا، يوغان بىر ئىت، — كېرىمنىياز
قادىر شۇنداق دېگەنچە ياتاقتىن چىقىپ كەتتى. مەن ئاغزىمنى
ئېچىپلا قالدىم. ساراڭ بولدىمۇ نېمە بۇ ئاداش. ئىت دېگەن بۇ
ئالەمدە تولا نەرسە تۇرسا، ئىت ئىزدەپ شەھەرمۇ شەھەر قاترىغان
بارمۇ؟ ئۇنىڭ ئىزدەيدىغىنى قانداق يوغان ئىتتۇ ئۇ؟

يەكشەنبە كۈنى كەچقۇرۇن كېرىمنىياز قادىر قاپاقلىرى
چۈشكەن، چىرايلىرى تۇتۇلغان ھالدا قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنى

كارىۋاتقا تاشلاپ ئىچىگە تىنىپ يېتىپ كەتتى.

— نېمە بولدىڭىز، روھىڭىز چۈشكۈن تۇرىدىغۇ، ئىت ئىز-دەيمەن دەۋاتاتتىڭىز، تاپالمىغان ئوخشىمامسىز؟

— سىزگە بىر يوغان ئىت دېمىدىممۇ، مەن ئاشۇ ئىتنىڭ ۋەسۋەسىچىلىكىدە قالدىم دەڭا، خۇدايىم مۇشۇ كۈنلەردە ئادەمنى ھەر كويغا سالىدىكەن، مەن شۇ ئىت كويىدا، مۇشۇ ئۈچ كۈندە ئىككى شەھەر، بىر ناھىيە بازىرىغا باردىم، سەھرالىرىنى كەز-دىم، نۇرغۇن ئىتۋازلار بىلەن كۆرۈشتۇم، تاكسى ياللاپ كېچە-كۈندۈز ماڭدىم، لېكىن تاپالمىدىم.

X ناھىيە بازىرىغا بارسام بىر ئىت بازىرى بار ئىكەن. ئۇ بازارغا نۇرغۇن ئىتلار كىرىپتۇ، بۇ ئىتلارنىڭ رەڭگارەڭ، خىلمۇ خىللىقىنى دېمەيسىز، خۇددى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇلاغ بازىرى-غا ئوخشاشلا قىزىپ كېتىپتۇ، لېكىن ھەممىسى شالغۇت ئىتلار-كەن. چوڭلىرى خېلى چوڭ، كىچىكلىرى بەكلا كىچىك. رەڭلى-رىنى دېسىڭىز ئاق، قىزغۇچ، سېرىق، كۆل رەڭ، جىگەر رەڭ. بىر ئىت فېرمىسىنىڭ خوجايىنى بىر ئىت ئېلىپ كىرىپ-تۇ. ئۇ بۇ ئىتنى بىر نەچچە يىل باش قاتۇرۇپ، شالغۇتلاشتۇرۇپ يېتىشتۇرۇپ چىقىپتۇ. ئۇ نېمە دەيدۇ دېمەمسىز؟ ئۇنىڭ دېيىشى-چە: ھازىر دۇنيادا مىكرو ماشىنا، مىكرو ئايروپىلان، مىكرو پىكاپ پەيدا بوپتۇمىش. ئۇنىڭ مىكرو ئىتلارنى كەشىپ قىلىشى ئادەملەرنىڭ يۇكىنى يەڭگىللىتىش ۋە دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان ئاشلىق قەھەتچىلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىكەن. ئىت كىچىك بولسا يېگۈلۈكنى ئاز يەيدىكەن.

— سىز نېمىشقا ئاشۇ ئىتلاردىن بىرىنى ئالماي، ناننى جىق يەيدىغان يوغان ئىت ئىزدەيسىز، سىزگە زادى قانداق ئىت لازىم-تى؟

— ھەي ئەپەندىم، مېنى چۈشەنسىڭىزچۇ؟ مېنىڭ ئىزدەيدى-غىنىم ئاشۇ سەمەت ۋەيرانىنىڭ ئىتىنى تالىۋېتەلەيدىغان، بىر

قاساپلا مەيداندىن چىقىرىۋېتەلەيدىغان ئىت لازىمتى، — دېدى كېرىمنىياز قادىر ئاھ ئۇرۇپ.
— نېمىشقا ئەمدى، سىز مەن دېگەن كەپتەرۋاز دەپ يۈرەتتىڭىز، مانا ئەمدى ئىتقا ھەۋەس قىلىپ قاپسىزغۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ.
— سىززە ئەپەندىم، ئاخىرى مېنىڭ ئاغزىمنى تاتىلاپ گەپ قىلىشقا مەجبۇر قىلدىڭىز جۇمۇ! مېنىڭ يوغان ئىتقا ھەۋەس قىلىپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبى يەنىلا ئاشۇ كەپتەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك، — دېدى كېرىمنىياز قادىر، — يەنە كېلىپ ئاشۇ سەمەت ۋەيرانى دېگەن ئاداشنىڭ كەپتەرلىرى بىلەن دەڭا، بۇ بەكلا ئۇزۇن گەپ.
مۇشۇ گەپلەر ئۈستىگە ئاققاشلىق ياتاقدىشىمىز مەتقۇربان بىلەن قاراقىرلىق دوگامەت كىرىپ كەلدى.
— قېنى ئېيتىڭا، كېچە تۈن خېلى ئۇزۇن، بىر ئاڭلاپ باقايلى، گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ كۆزىمىز ئېچىلىپ قالسا ھېچ گەپ ئەمەس. مانا ئاغىنىلەرمۇ كىردى، گۇڭ ـ مۇڭ ئاڭلايلى، — دېدىمەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قىزىقىپ.
— بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن بىزنىڭ يېڭىيەر ناھىيەسىدە تـوختىنىياز دەيدىغـان بىر مـەشھۇر كـەپتەرۋاز بولىدىغان، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى كېرىمنىياز قادىر، — توختىنىياز يېڭىيەردە ئۆزىنى بىر مەن دەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئاشۇ قەلئە ناھىيىسىدىكى سەمەت ۋەيرانىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ زادىلا ئولتۇرالماي قاپتۇ، ئاخىرى ئۇ قەلئە ناھىيىسىگە بېرىپ سەمەت ۋەيرانى بىلەن ئۇچرىشىپ، ھەر ئىككىسى ئۆز كەپتەرلىرىنىڭ ئۇرۇمچىدىن قايتىپ كېلىشىگە يىگىرمە مىڭ يۈەندىن دو تىكىپ ئالاڭغۇ ئويناشقا پۈتۈشۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئۈچ جۈپتىن كەپتەر ئېلىپ قەشقەردىن ئايروپىلانغا چىقىپ ئۈرۈمچىگە چۈشۈپتۇ. ئۇ يەردىن ماشىنا كىرا قىلىپ،

داۋانچىڭدىكى ئاشۇ شامال كۆچى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ پىلدىرلىغۇچلىرى توختىماي ئايلىنىپ تۇرغان سايدىن، قەلئە ناھىيىسى بىلەن يېڭىيەر ناھىيىسىگە قارىتىپ كەپتەرلىرىنى «تەۋەككۇل» دەپ ھاۋاغا قويۇۋېتىپتۇ. مانا كۆرۈڭ، كەپتەرۋاز خەق دېگەن ئاشۇنداق خەق. داۋانچىڭ بىلەن يېڭىيەر ناھىيىسىنىڭ ئارىلىقى تاشيول مۇساپىسى بىلەن ھېسابلىغاندا 1500 كىلومېتىر. قەلئە ناھىيىسىنىڭ ئارىلىقى 1700 كىلومېتىر دەڭلا، ئاخىرى نېمە بوپتۇ، دېمەمسىلەر؟ سەمەت ۋەيرانىنىڭ كەپتەرلىرى بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ، لېكىن توختىنىيازنىڭ كەپتەرلىرى يېتىپ كېلەلمەي قاپتۇ. توختىنىياز نەق يىگىرمە مىڭ يۈەننى سەمەت ۋەيرانىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. بۇ خەۋەر ھەش - پەش دېگۈچە ئاققاش شەھىرى، يېڭىيەر، يېڭاۋات، قاراسۇ، غولامتاي قاتارلىق ناھىيە، شەھەرلەرگىچە تارقاپ كېتىپتۇ - دە، ئاخىرى بېرىپ يېڭاۋات ناھىيىسىدىكى مەشھۇر كەپتەرۋاز جۇماق نوچىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بېرىپتۇ.

جۇماق نوچى مەيدىسىنى مۇشتلاپ: «سەمەت ۋەيرانى دېگەن قانچىلىك نېمىتى؟ ئۇ ئاشۇ جۇلدۇر كېپەن دىۋانىغۇ؟ ئۇنىڭ كەپتەرلىرى داۋانچىڭدىن قايتىپ كەلگەن بولسا، مېنىڭ كەپتەرلىرىم شاڭخەي بىلەن بېيجىڭدىن ھەتتا شەرقىي شىمالدىكى ئەڭ يىراق خاربىندىن قايتىپ كېلەلەيدۇ. كۈن پېتىشتىن دېسەك، ئالمۇئاتا بىلەن ئاقمۇلا، بېشكەك دېگەنلەردىنمۇ قايتىپ كېلەلەيدۇ. داۋانچىڭ دېگەن نېمە ئۇ، قوغۇنلۇقنىڭ يولىغۇ؟ قېنى سەمەت ۋەيرانى نوچى بولسا ئوتتۇرىغا چىقسۇن. مەن شاڭخەيدىن ھەتتا بېيجىڭدىن قايتىپ كېلىشىگە ئالاڭغۇ ئوينايمەن» دەپ لاپ ئۇرۇپ، سەمەت ۋەيرانىغا بىر پارچە نامە ئەۋەتىپتۇ.

سەمەت ۋەيرانى نامىنى كۆرۈپ، نامە ئېلىپ بارغان كىشىگە: «مېنىڭ ھازىرچە ئىچكىرى شەھەرلەرگە بارغۇم يوق، ئاۋۋال شىڭشىڭشيادىن (ئارا يۇلتۇز) قايتىپ كېلىشىگە ئويناپ

باقايلى، كېيىن ئىچكىرى شەھەرلەرگە كىرسەممۇ بولىدۇ، ئىچ-
كىرى شەھەرلەرمۇ بىزنىڭ، بىر يەرگە قېچىپ كەتمەيدۇ. ئەمە-
سە مەن ئۇتتۇزمىڭ يۈەن دو تىكىمەن» دەپ نامە پۈتۈپ بېرىپ
يولغا ساپتۇ. جۇماق نوچى نامىنى كۆرۈپ: «بوپتۇ، ئۇتتۇزمىڭ
يۈەن بولسا بولسۇن» دەپتۇ ۋە خاسىيەتلىك كۈنلەردىن بىرىنى
تاللاپ بىر جۈپتىن كەپتەر ئېلىپ، ئۆرۈمچىگە ئايروپىلان بىلەن
بېرىپتۇ، ئاندىن پويىزغا ئولتۇرۇپ، شىڭشىڭشياغا بېرىپ كەپ-
تەرلىرىنى «خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت» دەپ ھاۋاغا قويۇۋېتىپتۇ.
ئاخىرى نېمە بوپتۇ دېمەمسىلەر؟ ھېلىقى مەيدىسىگە مۇشتلىغان
جۇماق نوچى ئۇتتۇزمىڭ يۈەننى ئۇتتۇرۇۋېتىپتۇ. يېڭىلىشنىڭ
ئازابىغا چىدىمىغان جۇماق نوچى تاس قاپتۇ ساراڭ بولۇپ
قالغىلى.

مۇشۇ پاراڭ بىزنىڭ يېڭىيەرگە بىر نەچچە كۈننىڭ ئىچىدىلا
پۈركەتتى. مەن ئۇچاغدا بۇ ئىككى پاخشىنىڭ نامىنى ئاڭلىغان
بولساممۇ، تېخى ئۆزلىرىنى كۆرمىگەنىدىم. مۇشۇ ئىشلار بو-
لۇپ، ئارىدىن بىرەر ئايچە ۋاقىت ئۆتكەن بولغىيتى ئېھتىمالىم،
بىر كۈنى قارىسام، بىزنىڭ ئۆيگە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» دەپ
ئىككى ناتونۇش ئادەم كىرىپ كەلدى، «كەلسىلە!» دەپ تۆرگە
باشلىدىم، بىرىنىڭ تەلەپپۇزىدىن بىزنىڭ يېڭىيەرلىك ئىكەنلى-
كى، يەنە بىرىنىڭ تەلەپپۇزىدىن يېڭاۋاتلىق ئىكەنلىكى مانا مەن
دەپ چىقىپ تۇراتتى. تاماقتىن كېيىن مۇڭدىشىپ قالدۇق،
قارىسام ئۇلارنىڭ بىرى توختىنىياز، بىرى جۇماق نوچى ئىكەن،
گېپىدىن قارىسام جۇماق نوچى ئۇتتۇرۇۋېتىپ يېڭىلىش ئازابىغا
بەرداشلىق بېرەلمەي ھەم نومۇس قىلىپ سىرتقا چىقالماي، ئۆيدە
كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئويلا - ئويلا سەمەت ۋەيرانىنى
يېڭىشنىڭ يولىنى تاپالماي، يېڭىيەرگە توختىنىيازنى ئىزدەپ
كەپتۇ. توختىنىيازمۇ شۇ كۈنلەردە دەردىنى قويىدىغان يەر تاپال-
ماي تۇرغان ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئىككى دەردمەن بىرلىشىپ

بىر نەچچە كۈن ئۆيدە باش قوشۇپ، يەنىلا ئەركىن رىقابەت بىلەن ئاشكارا ئالاڭغۇ ئويناپ يېڭىشىنىڭ ئامالىنى تاپالماپتۇ ـ دە، ئاخىرى جۇماق نوچى سەمەت ۋەيراننى ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتىگە كەپتۇ.

بۇنىڭغا توختىنىياز قوشۇلماپتۇ، ئاخىرى ئىككىسى قەلئە ناھىيىسىگە كېچىسى بېرىپ. سەمەت ۋەيراننىڭ كەپتەرخانىسىغا كىرىپ بىرمۇ كەپتەر قويماي بويىنىنى يۇلۇپ تاشلىۋېتىش قارارىغا كەپتۇ. لېكىن ھەر ئىككىسى قەلئە ناھىيىسىگە بارغان بولسىمۇ، سەمەت ۋەيرانى بىلەن پەقەت مېھمان كۈتۈشتىلا كۆرۈشكەن، ئۆيىگە بارمىغان ئىكەن. ئۇلار قەلئە ناھىيىسىگە بېرىپ: «سە-مەت ۋەيراننىڭ ئۆيى نەدە؟ دەپ كىمدىن سورايمىز، سوراپ كېيىن چاتاق چىقىپ قالسا، تۇتۇلۇپ قالىدىغان گەپ» دېيىشىپ يېڭىيەرلىك كەپتەرۋازلاردىن سەمەت ۋەيراننىڭ ئۆيىنى بىلىدى-غانلار بارمۇ؟ دەپ سوراپتۇ ۋە بىرىدىن: «كېرىمنىياز قادىر بىلەتتى» دېگەن ئۇچۇرنى ئېلىپ، مېنى ئىزدەپ كېلىشكەن ئىكەن.

ھېلىقى جۇماق نوچى: «بۇرادەر، سەن ماڭا ئۇنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويساڭلا بولىدۇ، قالغان ئىشنى مەن ئۆزۈم جۆندەي-مەن» دەپ ئالدىمغا ئون مىڭ يۈەن قويدى، ئون مىڭ يۈەن دېگەن ئاز پۇلمۇ؟ سىلە بىلەن بىزدەك بىر مائاشچىنىڭ بىر يىللىق مائاشى بىلەن تەڭ پۇل تۇرسا كىمنىڭ كۆزى قىزارمايدۇ دەي-سىز؟ ئون مىڭ يۈەن ئالدىدا تەۋرىنىپ قالغان بولساممۇ، يەنىلا ئۇلارغا: «ئاغىنىلەر نىيىتىڭلاردىن يېنىڭلار، نېمىلا دېگەنبىلەن سىلەر بىلەن بىز ئۇنىڭ بىلەن كەسپداش. قائىدە ـ نىزاملىرى-مىزغىمۇ توغرا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنداق قىلىش بىر نامەردنىڭ ئىشى، ھەقىقي ئوغۇل بالا بولساڭلار يەنە ئالاڭغۇ ئويناپ بىر ئىش قىلالمامسىلەر؟ ھازىر سىلەر پەقەت سەمەت ۋەيراننىڭ كەپتەرلىرىنىلا ئۆلتۈرۈپ تاشلايمىز دەيسىلەر، ناۋادا

ئۇ، ئويغىنىپ قارشىلىق كۆرسەتسە قانداق قىلىسىلەر؟ ئۇ كەپتەرخانىسىدا ياتىدۇ. ‹بىرمۇشتىنىڭ كۆزى بار، بىرمۇشتىنىڭ كۆزى يوق› دېگەن گەپ بار. ئۇ ‹ۋاي ئوغرى!› دەپ ۋارقىرىسا، سىلەر يامان يېرىگە بىرنى ئۇرۇپ تاشلاپ چاتاقنىڭ چوڭى چىقسا، مەنمۇ بۇ ئىشقا چېتىلىپ قالىمەن. كەلگەن بالايى-قازاغا سىلەرنىڭ بۇ 10 مىڭ يۈەن پۇلۇڭلار دال بولالمايدۇ» دېدىم.

توختىنىياز ماڭا: «سەن خاتىرجەم بول، بىزنىڭ نىيىتىمىز ئۇنىڭ بارلىق كەپتەرلىرىنى بىر-بىرلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىش، ياكى ھەممىسىنى تاغارغا قاچىلاپ ئوغرىلاپ كېلىش. ئەگەر ئۇ قارشىلىق قىلسا، چوڭ ئىش قىلسا باغلاپ قويىمىز شۇ، ئامال بولمىسا يېنىپ كېلىمىز» دېدى.

ئون مىڭ يۈەن ئاخىرى مېنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى. پۇل دېگەن شۇنداق نەرسىكەن، شۇ كۈنلەردە يېڭىلا سېتىۋالغان بىر پىكاپىم بولىدىغان، پىكاپقا توختىنىياز بىلەن جوماق نوچىنى چىقىرىپ، قەلئە ناھىيىسىگە قاراپ يولغا چىقتىم. پېشىن مەھەل بىلەن قەلئە ناھىيىسىگە يېتىپ بېرىپ، ناھىيە بازىرىنىڭ سىرتىدا بىر ئاشخانا ئالدىدا توختاپ، تاماق يېدۇق. سەمەت ۋەيرانىنىڭ ئۆيى ناھىيە بازىرىنىڭ غەرب تەرىپىدە، ئۇ يەردە قىش ۋە ياز سۇزۇك سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان بىر ئۆستەڭ بار. ئۆستەڭ بويى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قويۇق سۆگەتلىك، شۇ سۆگەتلىكنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، بىر دۆڭگە چىقسالا سەمەت ۋەيرانىنىڭ ئۆيى. ئۇنىڭ ئۆيى ئاشۇ دۆڭنىڭ ئۈستىدىلا، يالغۇز ئۆي، ئازادلىقتىن بۇيان ئۇنىڭ ئۆيى ياكى ھۆكۈمەتنىڭ تاشيول قۇرۇلۇشىغا، ياكى مەھەللىنىڭ سالاسىغا توغرا كەلمەي، ئاشۇ ئاتا-بوۋىلىرىدىن قالغان پېتى ساقلىنىپ قالغانىكەن. قىڭغىيىپ قالغان قوش قاناتلىق دەرۋازىدىن كىرسەكلا يوغان ھويلا، ھويلا ئىچىدە زالدەكلا تۈۋرۈكلۈك يوغان ئۆي. قانداق ئەپەندىم، — دېدى كېرىم-

نىياز قادىر گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ماڭا قاراپ توختاپ، — بىلەمدىكەنمەن.

كېرىمنىياز قادىر سۆزىنى داۋام قىلدى:

— شۇنداق قىلىپ تاماقتىن كېيىن، توختىنىياز بىلەن جۇماق نوچىنى باشلاپ، ئۆستەڭ بويىنى بويلاپ بېرىپ، سەمەت ۋەيرانىنىڭ ئۆيىنى ئۇلارغا كۆرسەتتىم. يېگانە ئۆي بولغاچقا بىزنى ھېچكىم كۆرمىدى. دەرۋازىسى قىيا ئوچۇق ئىكەن، شۇ- نىڭ بىلەن مېنىڭ ۋەزىپەم تۈگىدى. بىز قايتىپ كېلىپ پىكاپنى ھەيدەپ، ناھىيە بازىرىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى دەريانىڭ بويىدا تاكى يېرىم كېچىدىن ئاشقۇچە ئولتۇردۇق، ئاندىن كېيىن مەن ھېلىقى ئىككىسىنى ئېلىپ سەمەت ۋەيرانىنىڭ ئۆيىگە تەخمىنەن بەش - ئالتە يۈز قەدەم كەلگۈدەك يەرگە كېلىپ بىر خالىيغا پىكاپنى توختىتىپ: «ئەمىسە تېز بولۇڭلار» دېدىم. جۇماق نوچى بىلەن توختىنىياز ئىككىسى بىردىن ئىككى تاغارنى قولتۇ- قىغا قىستۇرۇپ، سەمەت ۋەيرانىنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالدى. ھەي 10 مىڭ يۈەن، ئۇلار 10 مىڭ يۈەننى ماڭا تېخى ھېلىلا بەرگەنىدى. مەن ھەدەپ قوينۇمنى سىلاپ قوياتتىم. ئۇلار كەپتەرنى ئوغرىلاپ كەلسىلا غار قىلىپ ماڭاتتىم. بىراق ئۇلار كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا «ھاۋ - ھاۋا - ھاۋ... !» قىلغان ئىتنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا «ۋايجان!، ۋايىيەي» دەپ بىرى يەر - جاھاننى بېشىغا كىيىپ پەرياد كۆتۈردى. ئاھ، خۇدا ئىش تۈگەپتۇ، ئارقىدىن يەنە بىرى ۋارقىراپ كەتتى، يۈرىكىم جىغىدە قىلىپ قالدى. مەن بۇ ئىككىسىنى باشلاپ كەلگەن چاغدا سەمەت ۋەيرانىنىڭ ھېلىقى ئاق يولۋاس دېگەن ئىتى بارلىقىنى ئىلگىرى بىلگەن بولساممۇ، پوق يېگەن ئەقلىم بۇ قېتىم ئەستىن چىقارغان ئىكەنمەن. بۇ ئىككىسىنى شۇ تاپتا ئاشۇ ئاق يولۋاس تالاۋاتاتتى. مەن ئۇلار قېچىپ كەلسە ۋاشىشىدا ماڭاي دەپ پىكاپنى ئوت ئالدۇرۇپ تەييار بولۇپ تۇردۇم. لېكىن

ئۇلار ھېچ كەلمەيتتى، بىر چاغدا سەمەت ۋەيرانىنىڭ «ھاي ئاق يولۋاس، بولدى قىل، بولدى!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، شۇنىڭ بىلەن ئىتنىڭ ئاۋازىمۇ، نالە - پەريادمۇ بېسىقتى. بىردەمدىن كېيىن قارىسام ئىككىسى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئەگىشىپ «ۋايجان، ۋاييەي» بىلەن غىڭشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئالدىدىكىسى كىم، كەينىدىكىسى كىم، ھېچ ئايرىيالمىدىم. سىلەر ئۇلارنى ئۆرە بولۇپ مېڭىپ كېلىۋاتىدۇ دەمسىلەر؟ ياق! ئۇلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆمىلەپ كېلىۋاتىدۇ. قارىسام ئالدىدىكىسى جۇ-ماق نوچى، كەينىدىكىسى توختىنىياز ئىكەن. ئاللا كارامەت، ئۇلارنى پىكاپقا يۆلەپ ئاران تەستە چىقىرىپ غازژىدىلا مېڭىپ كەتتىم. ئۇلار پىكاپنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا بىرىنىڭ چاتىرىقىغا بىرى بېشىنى تىقىپ، غىڭشىپ ئۆز ئەھۋالى بىلەن يېتىشاتتى. «ئاغىنىلەر، قېنى كەپتەر؟» دەپ بىر نەچچە قېتىم سورىدىم. نەدە جاۋاب بەرسۇن، ئۇلار جىمپىلا كەتتى. ئۆلدىمۇ نېمە، ئۆلسە قانداق قىلغۇلۇق؟ ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى، تويۇڭ ئەمدى 10 مىڭ يۈەنگە. ماڭا - ماڭا ئەتىگەن سائەت تۆت بولغاندا قايسىدۇر بىر ناھىيىنىڭ بازىرىغا كىرىپ، بىر خۇسۇسىي دوختۇرخانا ئالدىغا كېلىپ ئىشىك چەكتىم. ئۇزاق ئۆتمەي دوختۇر ئەسنەپ چىقىپ ئىشىك ئاچتى. ئىككىسى ھوشسىز ياتاتتى، پۈتۈن بەدىنىنىڭ ساق يېرى يوق. دوختۇر قان داغلىرىنى تازىلاپ كۆرۈۋېدى، قارىسام جوماق نوچىنىڭ بۇرنى، توختىنىيازنىڭ ئوڭ قۇلىقى يوق. ھېلىقى ئاق يولۋاس جوماقنىڭ بۇرنىنى ئۈزۈۋاپتۇ، توختى-نىيازنىڭ ئوڭ قۇلىقىنى. ئەمدى ماۋۇ ئىشنى كۆرمەمدىغان، جوماق نوچىنىڭ بۇرنى شۇنداق چىرايلىق بۇرۇن ئىدى، ئىچىم ئاغرىپ قالدى. دوختۇر ئىككىسىنىڭ بارلىق يارىسىنى تېڭىپ بولۇپ، ماڭا قاراپ: «بۇ ئىككىسى نېمە بولغان ئادەملەر، راس-تىنى دەڭ؟» دېۋىدى: «ئىت تالىۋەتتى!» دېدىم. دوختۇر كۇ-لۇپ كېتىپ: «راست گەپ قىلدىڭىز، مەن بۇلارنى تالىۋەتكەن

ئىتنى تونۇيمەن» دېدى. «تولا گەپ قىلمىغە، سىز قانداق تونۇي-
سىز ئىتنى؟» دەپ ساپىتىمەن، دوختۇر دولامغا مۇشتلاپ تۇ-
رۇپ: «سىلەر كەپتەر ئوغرىسى ئىكەنسىلەر، ھە، بۇلارنى قەلئە
ناھىيىسىدىكى ھېلىقى كەپتەرۋاز سەمەت ۋەيراننىڭ ئىتى تالىۋې-
تىپتۇ. مۇنداقلار مېنىڭ ئالدىمغا تولا كەلگەن، ھېلىقى ئىت
ئوغرىلارغا مۇشۇنداق بەلگە سېلىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە
ھېلىقى ئاق يولۋاسنىڭ چىشى يوغان، ھەرقانداق ئىتنىڭكىدىن
يوغان، يارىدارنىڭ بەدىنىدىكى چىش ئىزىغا قاراپلا بىلىمەن،
ھەي سىلەر ئۇتتۇرۇۋەتسەڭلار تېخى چىدىمايدىغان، ئۇتتۇۋالساڭلار
تېخى ئولتۇرالمايدىغان خەق، ئاخىرى مۇشۇنداق دەردكە قالىسى-
لەر، بولدى مەن ساقچى ئەمەس، مەن دېگەن دوختۇر، ماڭا پۇل
بولسىلا بولدى» دېدى. ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، ئەسلىدە بىزدىن
بۇرۇنمۇ سەمەت ۋەيراننىڭ كەپتەرخانىسىغا بارغان ئوغرىلارنىڭ
ھالى مۇشۇنداق بولغان ئىكەندە؟ ئەتىسى ئۇلار ھوشىغا كېلىش-
تى. ئىككىسى قۇلاق، بۇرۇنلىرىدىن ئايرىلغانلىقىنى ئاڭلاپ،
ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېتىشتى. دوختۇر ئۇلارغا: «نېمىگە يىغلاي-
سىلەر، جېنىڭلار ئامان قاپتىغۇ؟ ھازىر دېگەن پەن تەرەققىي
قىلىپ كەتتى. كېيىن شاڭخەيگىمۇ، بېيجىڭغىمۇ بېرىپ سۇنئىي
قۇلاق، بۇرۇن سالدۇرۇپ كەلسەڭلار بولىدۇ. خۇددى راستتەكلا
قۇلاق، بۇرۇن بار، ھەرگىزمۇ چانمايدۇ» دەپ تەسەللى بەردى.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ روھى خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى، ئۈمىد
پەيدا بولۇپ ئازابى يەڭگىللەپ قېلىشتى.

ھەپتىدىن كېيىن ئۇلار دوختۇردىن چىقتى، لېكىن جۇماق-
نىڭ بۇرنى، توختىنىيازنىڭ قۇلىقى تېخى تېڭىقلىق ئىدى.
ئىككىسىنىڭ دورا پۇلى، تېڭىق پۇلى قوشۇلۇپ ساق بەش مىڭ
يۈەن بوپتۇ. ھېلىقى ئىككىسى «پۇلنىڭ ھەممىسىنى ساڭا بەر-
گەن، بىزدە پۇل يوق» دەپ گۆشىيىپ تۇرۇۋشتى. نېمە دېگۇ-
لۇك، بەش مىڭ يۈەننى ساناپ بەردىم. ئۇ ئىككىسىنىڭ قورسى-

قى، ماشىنىغا قوٚيغان ماي پوٚلىنى ھېسابلاپ كوٚرسەم ماڭا ھېچ-
نەرسە قالماپتوٚ، ئىككىسىنى ماشىنىغا سېلىپ ناھىيە بازىرىنىڭ
سىرتىغا ئېلىپ چىقتىم. جوٚماق نوچى: «توختىنىياز ئاغىنە،
بوٚ توٚرقىمىز بىلەن قانداق يوٚرتىمىزغا بارىمىز؟ بىز موٚشوٚ يەردە
چوٚشوٚپ قېلىپ، بوٚرادەرلەردىن پوٚل قەرز ئېلىپ شاڭخەيگە بې-
رىپ قوٚلاق - بوٚرنىمىزنى ئوڭشاپ كەلسەك قانداق؟» دېدى.
توختىنىياز «ماقوٚل» دەپ قوشوٚلدى. مەن دېدىم: «سىلەرغوٚ
كېتەرسىلەر، ئەمدى ھېلىقى پوٚلنى...بېرگەن پوٚلوٚڭلار ئوٚزوٚڭ-
لارغا كەتتى» دېدىم. ھېلىقى جوٚماق نوچى نېمە دېدى دېمەمسى-
لەر؟ ئوٚ ياقامغا ئېسىلىپ گېلىمنى سىقىپ توٚروٚپ: «سەن
ئەبلەخ بىزگە سەمەت ۋەيرانى دېگەنىنىڭ ئاق يولۋاس دېگەن ئىتى
بار، دەپ نېمىشقا ئالدىن ئاگاھلاندوٚروٚپ قويمايسەن؟ بىز دەرۋا-
زىدىن كىرىپ، ئىشىكنى غاچ قىلىپ ئېچىشىمىز بىلەن ھېلىقى
ئاق يولۋاس ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ بىزنى تالاپ كەتتى. مانا
بىرىمىزنىڭ قوٚلىقى، بىرىمىزنىڭ بوٚرنى ناكا بولدى، سەن يەنە
تېخى پوٚل دەيسىنا ھوٚ نامەرد ئوغرى!» دېمەمدا، غەزەپتىن
يېرىلايلا دەپ قالدىم، نېمە ئامال؟ ئوٚلار چوٚشوٚپ قالدى. مەن
شامالغا موٚشت ئېتىپ قايتىپ كەلدىم. كېيىن ئاڭلىسام توختى-
نىياز قوٚلاق سالدوٚروٚپ، جوٚماق نوچى بوٚروٚن سالدوٚروٚپ قايتىپ
كەپتوٚ، لېكىن يامان يېرى ئوٚلار ئوٚزىموٚ سەزمىگەن ھالدا يولدا
ماڭسا:

ئاپئاق يولۋاس، ئاق يولۋاس،
سېغىزخاندىن ساق يولۋاس،
بوٚ ئالەمدە يېگانە
تەڭدىشى يوق، يولۋاس.

دەپ ناخشا ئېيتىپ، ئىككى يانغا داۋالغوٚپ ساما سېلىپ
ماڭدىغان بولوٚپ قاپتوٚمىش. قايسى بىرى يېقىندا يېڭىيەر ناھىيە-
سىنىڭ بازىرىدا توختىنىيازنىڭ ئاشوٚ ناخشىنى ئېيتىپ ساما

سېلىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپتۇدەك، لېكىن مەن تېخىچە ھېلىقى ئىككىسىنى كۆرمىدىم.

يۇقىرىقى ئىشلار بولۇپ ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتىغۇ دەي-مەن. ئۆتكەن يىلى قىشتا بىكارچىلىقتا كوچىدا ئايلىنىپ يۈرەت-تىم، ئابدۇسەمەت دەيدىغان بىر ئاغىنەم بولىدىغان، سېپى ئۆز-دىن ئىتتۋار ئىدى. قارىسام كوچىنى توغرىسىغا كېسىپ، خۇددى يۇگۇرگەندەك ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ.

— ھەي بۇرادەر نەگە؟ — دېدىم.

ئۇ توختاپ سالامدىن كېيىن:

— بۇگۇن قەلئەلىك سەمەت ۋەيرانى دېگەننىڭ ئاق يولۋاس دېگەن ئىتى بىلەن بىزنىڭ يېڭىيەرلىك مەمەت نىيازنىڭ قارا قاپلان دېگەن ئىتى ناسىرنىڭ سېيىدا تالاشماقچى، ئاغىنىلەر ساقلاپ قالدى، بارغۇڭ بولسا ماڭ! — دېدى. «ماقۇل» دەپ ئابدۇسەمەتكە ئەگەشتىم. بىر تار كوچىدىن ئۆتۈپ قارىساق ماشى-نىلار تەييار ئىكەن، ماشىنىغا چىقىپ ناسىرنىڭ سېيىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق، — گەپ شۇيەرگە كەلگەندە، كىرىم نىياز قادىر سائەتكە قاراپ، — ھەي ئاغىنىلەر بولماپتۇ، — دېدى.

— نېمە بولدى؟ — دېدىم مەن.

— قارىمامدىغان مانا سائەت ئىككى بولۇپ قاپتۇ، ئولتۇرۇ-ۋېرىپتۇق ئەمەسمۇ؟ ئەتە يەنە دەرس ئاڭلايدىغان گەپ، ئۇخلايلى! دېدى. راست مەنمۇ قارىسام سائەت ئىككى بوپتۇ، گەپنىڭ قىزى-قىدا ئولتۇرۇۋېرىپتۇق.

※ ※

ئەتىسى كەچتە گەپنى ئاشۇ كەلگەن يېرىدىن باشلىدى كې-رىمنىياز قادىر:

— شۇنداق قىلىپ ناسىرنىڭ سېيىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

ناسىرنىڭ سېپى دېگەن بىزنىڭ يېڭىيەر ناھىيىسى بىلەن قەلئە ناھىيىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى كەڭرى ساي ئىكەن. ماشىنا بىلەن ماڭغاندا بۇ سايدىن ئىككى سائەتتە ئاندىن ئۆتۈپ بولغىلى بولاتتى. ناسىرنىڭ سېپىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا تاشيولچىلار يولنى كەلكۈندىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ياساپ، شادىلىرىنى قىزىل سىر بىلەن سىرلاپ قويغان بىر كۆۋرۈك بار ئىدى. كىشىلەر بۇ كۆۋرۈكنى ئاشۇ سەۋەبلىك «قىزىل كۆۋرۈك» دەپ ئاتىشاتتى. بىز ئاشۇ قىزىل كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا باردۇق، قارىسام ئۇ يەردە يېڭىيەر تەۋەسىدىن چىققان 50 ـ 60 ماشىنا بار ئىكەن. ئادەملەر ئالتە، يەتتە يۈزدىن ئاشىدۇ. بىز قىزىل كۆۋرۈكنىڭ يېڭىيەر تەرىپىدە تۇردۇق. قەلئەلىكلەرمۇ ئۆز تەۋەسى تەرىپىدە تۇرۇپتۇ، ئۇلارمۇ يەتتە ـ سەككىز يۈزچە بار ئىكەن. دەل چۈش بولغان مەزگىل ئىدى، يېڭىيەرلىك ئىتتىپاقلارنىڭ كاتتىسى ئولمايىتخان ئوتتۇرىغا چىقىپ دېدى: «بۇرادەرلەر، بۈگۈن يېڭىيەرلىكلەرنىڭ قارا قاپلىنى بىلەن قەلئەلىكلەرنىڭ ئاق يولۋىسى مۇشۇ يەردە مەيدانغا چۈشىدۇ، قارا قاپلان يەڭسە بىز يېڭىيەرلىكلەر ئۈچۈن شەرەپتۇر، ئەگەر يېڭىلىپ قالسا نومۇستۇر. شۇنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار، بۇ يەردە ئوتتۇرىۋېتىدىغان شەھەر يوق، قايسى ئىتنىڭ يېڭىپ، قايسى ئىتنىڭ يېڭىلىشىدىن قەتئىينەزەر دوستلۇق بىرىنچى. قېنى ئاتىغىنىڭلارنى بېرىڭلار!» دەپ ئولمايىتخان چەكمەن چاپانىنىڭ پېشىنى ئېچىپ كىشىلەر توپىغا قاراپ ماڭدى، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ يەنە ئالتە ـ يەتتە كىشى ئېتەك ئېچىپ ماڭدى. ئاللاكارامەت، كىشىلەر پۇل دېگەننى شۇنداق تاشلاۋاتىدۇ، بايمۇ ـ كەمبەغەلمۇ. «ياق!» دەيدىغىنى يوق، 10 يۈەنلەپ، 20 يۈەنلەپ، ھەتتا بەزىلەر «يېڭىيەر ئۈچۈن!» دەپ 1000 يۈەنمۇ تاشلىۋەتتى... بۇ يەردە ياكى ھۆكۈمەتنىڭ تەرتىپ ساقلايدىغان ساقچىسى يوق ياكى خەلق ئەسكىرى، لېكىن كىشىلەر شۇنداق تەرتىپلىك، جىمجىت. ھېلىقى ئولما-

يىتخان بىلەن بىرگە ئېتەك سالدى قىلغانلار ئېتەكلىرىدىكى پۇلنى ئېلىپ كېلىپ، بىرىيەرگە تۆكۈپ ساناشتى، يىغىلغان پۇل نەق يىگىرمە بەش مىڭ يۈەن ئىكەن. قائىدە بويىچە قاراقاپلان يېڭىپ قالسا ئاشۇ يىگىرمە بەش مىڭ يۈەن قارا قاپلاننىڭ ئىگىسى مەمەت نىيازنىڭ بولىدىكەن. ئەگەر يېڭىلسە ئۇنىڭ ئەكسىچە بۇ پۇل ئاق يولۋاسنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىگىسى سەمەت ۋەيرانىنىڭ بولىدىكەن.

مۇشۇ ئاپتا قەلئەلىكلەرمۇ ئاق يولۋاس ئۈچۈن 25 مىڭ يۈەن تەييار قىلىپتۇ، ئۇلمايىتخان پۇلنى ساناپ بولغاندىن كېيىن: «كۆپچىلىك رەھمەت. يىغىلغان پۇل 25 مىڭ يۈەن بوپتۇ. ئاللا ئىگەم قارا قاپلانغا كۈچ قۇۋۋەت ئاتا قىلسۇن، كۆپچىلىك ئەمدى قارا قاپلاننىڭ يېڭىشى ياكى ئاق يولۋاسنىڭ يېڭىشى ئۈچۈن ئىختىيارى دو تىكىپ، كۆڭۈل ئاچساڭلار بولىدۇ، قايسى ئىتنى تاللاش ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشى» دېدى. بۇ ئىتۋازلارنىڭمۇ مۇشۇنداق ئاقىلانە ئىشلىرى باركەن، قارىسام راست دېگەندەك كىشىلەر مەن «قارا قاپلان» دېسە، «مەن ئاق يولۋاس» دەپ بىر - بىرىگە دو تىكىشىۋاتىدۇ، بۇ يېڭىيەرلىك دېگەن ساراڭمۇ نېمە دەپ قالدىم. قاراپ تۇرۇپ تەڭدىن تولىسى ئاق يولۋاس تەرەپ بولۇپ كەتتى. ئىتۋازلىقنىڭ بۇ سورۇنىدا راستتىنلا يۇرتۋازلىقنىڭ چېگرىسى بۇزۇلۇپ كەتتى. «ئەركىنلىك»، «ئىختىيار» دېگەن شۇ ئىكەن دېدىم، ھەر كىمنىڭ پۇلى ئۆزىنىڭدە؟ نەگە خەجلىسە ئىختىيار ئەمەسمۇ؟

بىر چاغدا قارىسام يېنىمدا تۇرغان ئۇزۇنتۇرا بىر ئاداش ماڭا: «سىز ئاق يولۋاسقا تۇرامسىز ياكى قارا قاپلانغىمۇ» دەيدۇ، ئاغزىمغا قانداق كېلىپ قالغان «قارا قاپلانغا» دەپتىمەن، «ئەمىسە ئىككى يۈز يۈەن» دەپ قولىنى ئۇزاتتى. يېنىمدا ئاران ئىككى يۈز يۈەن بار ئىدى، بېرىۋەتتىم. شۇ ئەسنادا مەمەت نىياز قارا قاپلاننى ئېلىپ مەيدانغا چۈشتى، قارىسام بۇ قاپلان دېگەن

ئىت تېلېۋىزوردىكى ھايۋانات دۇنياسى پروگراممىسىدا كۆرگەن
ھىندىستاننىڭ قاراڭغۇ ئورمانلىقلىرىدىكى يولۋاسلارغا ئوخشاش
ھەيۋەتلىك، قاپقارا، لېكىن پېشانىسىدە تۇخۇمدەك ئېقى بار
يوغان ئىت ئىكەن.

بىردەمدىن كېيىن سەمەت ۋەيرانى ھېلىقى ئاق يولۋاسنى
يېتىلەپ كىردى، قارىسام، بۇ ئاق يولۋاس دېگەنمۇ خۇددى شىما-
لىي قۇتۇپنىڭ ئېيىقلىرىدەك ئاپئاق كەلگەن، كۆزلىرىدىن يۈ-
رەكنى جىغىلدىتىدىغان ئاجايىپ سىرلىق بىر كۆكۈچ نۇر چاقناپ
تۇرىدىغان ئىتكەن. شۇنداق كۈچلۈك بىر قاۋۇل مەخلۇقنى سە-
مەت ۋەيرانىدەك بىر ئۆلۈمتۈك جۇلدۇر كېپەنىنىڭ بوينىدىن
باغلاپ يېتىلىسە ماڭغىنىغا ئىشەنمەيلا قالدىم، لېكىن بۇ رېئال-
لىق ئىدى. يىگىتۋېشى ئارىلىق ساقلاپ تۇرۇپ بەلگىلەنگەن دائى-
رە ئىچىگە ئىككى ئىت كىرگەندىن كېيىن «ھە، ئەمىسە» دېدى-
دە، ئىككى ئىتنىڭ بوينىدىن زەنجىرنى ئېلىپ قويۇۋەتتى. ئۇلار
بىر - بىرىگە قارىشىپ بىر نەچچە دەقىقە تۇرغاندىن كېيىن،
ئاستا - ئاستا بىر - بىرىگە يېقىنلىشىپ، «غاژ - غۇژ» قىلى-
شىپلا تالىشىپ كەتتى. ئىككى ئىتنىڭ كاڭشىغان ئاۋازى بىلەن
تەڭ ئاياغ ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزاندىن قۇياشنىڭ
يۈزى خىرە بولۇپ، ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى ۋە ئادەملەرنى پەرق
قىلغىلى بولمايتتى. چاڭ - توزان ئارىسىدىن پەقەت ئىككى
ئىتنىڭ كاڭشىغان، غىڭشىغان نالە - پەريادىلا ئاڭلىناتتى، لې-
كىن قايسىسىنىڭ ئازراق، قايسىسىنىڭ بەكرەك غىڭشىغانلىقى-
نى، قايسىسىنىڭ تۆپىگە چىقىپ، قايسىسىنىڭ تېگىگە چۈشكەن-
لىكىنى كۆرۈش تۈگۈل قىياس قىلىشمۇ تەس ئىدى. بۇ ئىككى
ئىت مۇشۇ تاپتا يىگىرمە بەش مىڭ يۈەن ئۈچۈن جان تىكىپ
ئېلىشىۋاتاتتى.

ئارىدىن بىر سائەت 15 مىنۇت ئۆتكەندە، قارا قاپلان ئاشۇ
بۇلغىناق چاڭ - توزان ئارىسىدىن قۇيرۇقىنى ئىچىگە تىقىپ،

كاڭشىپ چىققان پېتى نەچچە يەردە يىقىلىپ قوپۇپ، مەمەت نىيازنىڭ ئاياغ ئاستىغا كېلىپ ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. بىز يېڭىيەر-لىك يېڭىلگەن ئىدۇق. مەمەت نىياز كەينىگە يېنىپلا كەينىدە تۇرغان بىر ئېشەك هارۋىسىنى يېتىلەپ كېلىپ، قارا قاپلاننى هارۋىغا بېسىپ توپتىن چىقىپ كەتتى، قەلئەلىكلەرنىڭ بېشى كۆككە تاقاشتى. بىزنىڭ تەلپەكمىز سۇغا چىلاشتى.

ئاق يولۋاس ناهايىتى سالماق قەدەم بىلەن يولۋاس مېڭىشىدا مېڭىپ «قېنى نوچاڭ بارمۇ؟» دېگەندەك مەيداننى بىر ئايلىنىپ سەمەت ۋەيراننىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. قارىسام هېلىقى ئۇزۇنتۇرا ئاداش: «قارا قاپلان يېڭىلدى، پىكرىڭىز يوقتۇ؟» دېدى. «هەئە!» دېدىم، ئاشۇ بىر «هەئە» بىلەن ئىككى يۈز يۈەن هاۋاغا ئۇچۇپ كەتتى.

خوش! ئەمدى ئاق يولۋاسنىڭ گېپى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، گەپنى ئەمدى قارا قاپلاننىڭ كېيىنكى تەقدىرى ۋە مەمەت نىيازنىڭ دەرد - ئەلەملىرىدىن باشلايلى، — دېدى كىرىم-نىياز قادىر بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — مەمەت نىياز قارا قاپلاننى ئېشەك هارۋىسىغا بېسىپ، كىشىلەر توپىدىن ئايرىلىپ بىر خالىي جايغا بېرىپ يارىسىنى تېڭىپ قوياي ئەمدى دەپ، شۇنداق قارىسا، قارا قاپلان تىنىقىدىن قاپتۇ، مەمەت نىياز قارا قاپلاننى باغرىغا بېسىپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېتىپتۇ. قارا قاپلان مۇشۇ بىر - ئىككى يىلدىن بۇيان يېڭىيەر-نىڭ شەرقىدىكى بىر ۋىلايەت، سەككىز ناهىيە تەۋەسىدە باش كۆتۈرگەن، نى - نى ئىتلارنى تالاپ غىڭشىتىپ مەيداندىن چىقىر-ۋەتكەن، مەمەت نىيازنى مىليون يۈەنلەپ پۇل هەم ئىززەت - ئابرۇي، شان - شۆهرەتكە ئىگە قىلغان ئىت ئىكەن. ئۇ يىغلى-ماي كىم يىغلىسۇن، يارانلىرى ئۇنى سەۋرى قىل، دەپ بەزلەپ-تۇ، ئاخىرى ئۇ ئىتنى بىر تاكسىغا سېلىپ، ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى باغنىڭ چېتىدىكى بىر تۇپ

سۇۋادان تېرەك تۈۋىنى كولاپ كۆمۈپ قويۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

تاڭ سەھەر ئويغىنىپ قارىسا، باغدا نۇرغۇن ئىتلارنىڭ قاۋىغان، كاڭشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. مەمەت نىياز كىيىنىپ سىرتقا چىقىپ شۇنداق باغقا قارىسا، ئىلگىرى قارا قاپلاندىن يېڭىلگەن ئوتتۇز، قىرىقچە ئىت قارا قاپلاننىڭ ئۆلۈكىنى ھېلىقى سۇۋادان تېرەك تۈۋىدىن كولاپ چىقىرىپ بىر بۇردا، بىر بۇردىدىن بۆلۈشۈپ، خۇشال - خۇرام ھالدا تازا مەززە قىلىشىپ يەۋاتقۇدەك. مەمەت نىياز بۇنى كۆرۈپ ئىچىگە قورقۇنچ چۈشۈپتۇ - دە، شۇنداق كەينىگە ياناي دەپ تۇرۇشىغا ھېلىقى قارا تۇمشۇق ئىت بۇرادەرلىرىگە: «ئاغىنىلەر، ئەنە قارا قاپلاننىڭ ئىگىسى، ئۇنىمۇ بالا - چاقىلىرى بىلەن قوشۇپ يەپ، سۆڭىكىنى ھاۋاغا پۇركۈۋېتەيلى، ئالغا!» دەپ خۇددى ئادەمدەكلا سۆزلەپ ئېتىلىپ كەپتۇ. مەمەت نىياز ئىشىكنى تاقاپتۇ، ئىتلار دەۋرەپ كېلىپ بوسۇغىنىڭ تېگىنى كولاشقا كىرىشىپتۇ، بىرى تېخى «تېز بولايلى، تېز» دەپ قوماندانلىق قىلىۋاتقۇدەك. مەمەت نىياز خوتۇن - بالىلىرىنى كىيىندۈرۈپ، ئۆينىڭ كوچىغا قاراپ تۇرىدىغان بىر مورىسى بار ئىكەن، شۇ يەردىن بىر كامار تېشىپ، كوچىغا چىقىشىغا ئاياغ تەرەپتىن بىر تاكسى كېلىپ قاپتۇ. ئۇ تاكسىنى توسۇپ خوتۇن - بالىلىرى بىلەن چىقىپلا قېچىپتۇ، بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن، مەمەت نىياز شۇنداق كەينىگە قارىسا ھېلىقى ئوتتۇز، قىرىقچە ئىت تاكسىنى قوغلاپ كېلىۋاتقۇدەك، «ئۇستام تېز ھەيدەڭ، بولمىسا ئاۋۇ ئىتلار بىزنى» دەپتۇ. تاكسى شوپۇرى ئىتلارنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ تاس قاپتۇ ھوشىنى يوقىتىپ قويغىلى. ئۇ ئېسىگە كېلىپ نېمە گەپ دەپ سوراپتىكەن، مەمەت نىياز ئەھۋالنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ. تاكسى شوپۇرى شۇئان شەھەرلىك قوراللىق ساقچى ئەترىتىگە قولىدىكى سىمسىز تېلېفونى بىلەن خەۋەر قىلىپ، تاكسىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن غالجىرلىشىپ

كەتكەن ئىتلارنىڭ نەچچىسى تاكسىنىڭ تۆپىسىگە چىقىۋاپتۇ. بىر نەچچىسى تاكسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ بوپتۇ، «قانداق قىلارمىز؟» دەپ تۇرۇشىغا شەھەر تەرەپتىن بىر ماشىنىدا ساقچى يېتىپ كېلىپ، ئاسمانغا ئوق چىقىرىپ قوغلاپتۇ، ھەتتا ياماندىن بىر نەچچىسىنى ئېتىپ تاشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، مەمەت نىياز ئىتلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ئامان قېلىپ شەھەرگە كىرىپ، بىر مېھمانخانىنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىدە ھەپتىنى ئۆتكۈزۈپ، يۇرتىغا چىقىپ قارىسا ئەھۋال باشقىچە. ھېلىقى ئىتلار ساقچىلارنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ قايتىپ بارغاندىن كېيىن، مەمەت نىيازنىڭ بېغى ۋە بېغى ئەتراپىدىكى مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنى كولاپ يىقىتىپ تاشلاپتۇ. كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىنى كولاپ تېشىپ، تاملىرىنى كولاپ ئۆرۈۋېتىپ، پۈتۈن ۋەسلى - بىساتىغا ئوت قويۇۋېتىپ كېتىپ قاپتۇ.

مەمەت نىياز بۇ بىر قانچە زەربىگە چىدىيالماي، ھېلىقى ئولمايىتخانغا يېگىيەر تەۋەسىدىكى پۈتۈن كەپتەرۋاز ۋە ئىتۋازلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، دۇنيانىڭ قانداق يېرىدە بولسا بولسۇن، ئاشۇ ئاق يولۋاسقا تەڭ كەلگۈدەك بىر ئىت تېپىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلىپ، نۇرغۇن پۇل تۇپلاپتۇ. مەن مۇشۇ كۇرسقا كېلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن ئۆيدە تەييارلىق بىلەن ئولتۇرسام، بىرى ئىشىك قاقتى، چىقىپ دەرۋازىنى ئاچسام ئىشىك ئالدىدا ئولمايىتخان، مەمەت نىياز، توختىنىياز، جۇماق نوچىلار تۇرۇپتۇ. ئۆيگە باشلىدىم، مەمەت نىياز ئۆزىنىڭ دەردىنى بايان قىلدى، ئولمايىتخان پۇل يىغىش ئەھۋالىنى بايان قىلىپ ماڭا: «ئۇكام سەندىن ئىئانە ئالمىدۇق، ئاشۇ سەمەت ۋەيرانى بىزنى شۇنداق بوزەك قىلامدۇ؟ ئۇنىڭ دەستىدىن بىزنىڭ يېگىيەر ۋە يېڭاۋاتنىڭ نە كەپتەرۋازلىرى، نە ئىتۋازلىرى ئارام تاپالمىدى، مانا ئەمدى پۇل توپلىدۇق، ئاڭلىساق سىنى ئۈرۈمچىگە بارىدىكەن دەيدۇ. مە، مانا ئون مىڭ يۈەن،— دەپ ماڭا پۇلنى تۇتقۇ-

زۆپ، — ۋاقىت چىقىرىپ ئىزدەپ باق. ئاشۇ ئاق يولۋاسقا تەڭ كەلگۈدەك ئىت بولسا ياناشىڭدا ئېلىپ كەل» دېدى. ئولمايىتخاننىڭ دېيىشىچە بىر نەچچە ئادەم ئىچكىرىدىكى شەھەرلەرگە كىرىپ كەتكەنمىش، نېمىگە بولاتتى، شۇ ئىت ئىزدەپ بولامدۇ، مېنىڭ ئىت ئىزدىشىممۇ مانا مۇشۇ ۋەجىدىن، — دەپ كېرىمنىديياز قادىر سۆزىنى تۈگەتتى.

بۈگۈنمۇ خېلى كەچ بولۇپ قالغانىكەن، پەقەت ئۇيقۇم كەلمىدى. ئاشۇ توختىنىياز، جۇماق نوچى ۋە مەمەت نىيازنىڭ ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتلىرى كۆز ئالدىمدا بىر - بىرلەپ خۇددى كىنولېنتىسىدەك ئۆتۈشكە باشلىدى، شۇلارنى ئويلاپ، مەنمۇ ئەسنەپ قانداق چاغدا ئۇخلاپ قالدىم، بىلمەيمەن. بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام تاڭ ئېتىپ قاپتۇ.

※ ※

ئارىدىن ھەپتە ئۆتتى، كۇرسمۇ تۈگىدى. ھەممەيلەن ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئۈچ ئايدىن بۇيان ئايرىلغان يۇرتلىرىمىزغا كەتتۇق، لېكىن كېرىمنىياز قادىر ئۆيىگە ماڭماي: «قۇمۇلنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا كاتتا ئىتلار بارمىش بېرىپ باقاي» دەپ پويىزغا ئولتۇرۇپ كېتىپ قالدى.

مەنمۇ ئۈرۈمچىدىن ئاپتوبۇسقا چىقىپ 3 - كۈنى ئۆيگە يېتىپ كېلىپ، خوتۇن، بالا - چاقىلىرىم بىلەن خۇشاللىق ئىچىدە دىدارلاشتىم. ئىشقا چىقىپ ئارىدىن يەنە بەش كۈن ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن سەمەت ۋەيرانىنى ھېچ ئۇچراتمىدىم، نەگە كەتكەندۇ بۇ ئادەم؟ يەنە بىر يەردىن ھېلىقى جۇماق نوچىدەك بىر كەپتەرۋاز بولسا، مەمەت نىيازدەك بىرەر ئىتۋاز كېلىپ قالغان بولسا، شۇلار بىلەن بىر تەرەپلەرگە كەتتىمىكىنتاڭ؟ راستىنى ئېيتسام مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنى سېغىنىپ قالغانىدىم، تازا ئولتۇ-

رۇپ بىر مۇڭداشقۇم بار ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا مېنىڭ نەزىرىمدە ئاددىيلا بىر كەپتەرۋاز ياكى بىر ئىتۋاز ئەمەس، مىللىتىمىزنىڭ بىر قەھرىمانى سۈپىتىدە گەۋدىلىنەتتى. توختىنىياز، جۇماق نوچى ۋە مەمەت نىيازلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئېسىمگە كەلسە، بەزىدە كۈلكۈم قىستىسا، بەزىدە ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ قالاتتىم. سەمەت ۋەيرانى راستىنلا ئاشۇ ئىت بىلەن كەپتەرگە تايىنىپ شۇنچىۋالا چوڭ ئىشلارنى قىلىۋەتكەنمىدۇ؟ ئارىدىن بىرەر ئايغىچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. بىر شەنبە كۈنى سالقىنداپ يۈرسەم سەمەت ۋەيرانى سۆگەتلىكتە ئاق يولۋاسنى يېتىلەپ يۈرۈپتۇ.

— ھەي سەمەتكا بارمۇسىز؟ — مەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئىختى- يارسىز يۈگۈرۈپ بېرىپ قاپتىمەن، ئىككىمىز خۇددى قەدىناس دوستلاردەك قول سىقىشىپ كۆرۈشتۇق، قارىسام ئاق يولۋاسمۇ غىڭشىپ ئەركىلەپ كېلىپ، خۇددى ئاددەمدەكلا ئىككى پۇتلۇق بولۇپ ئۆرە تۇرۇپ، ماڭا ئالدى ئوڭ پۇتىنى ئۇزاتتى.

— ياخشىمۇ سەن ئاق يولۋاس، بۇ قېتىم ئۇرۇمچىدە نامىڭ- نى كۆپ ئاڭلىدىم جۇمۇ. سەن باتۇر ئىكەنسەن، — مەن ئۇنىڭ يوغان توم ئالىقىنىنى قولۇمغا ئېلىپ ئىككى - ئۈچ قېتىم سىلكىپ قويدۇم، ئۇ جاۋابەن يوغان قىپقىزىل تىلىنى چىقىرىپ مېنىڭ قولۇمنى يەڭگىل يالاپ قويدى، ئاندىن كېيىن مېنى بىر نەچچە قېتىم ئايلىنىپ ئۆزىنى سۈركەپ سېغىنىش ھېسسىياتىنى بىلدۈردى. مەن يەنە ئۇنىڭ باشلىرىنى ۋە يىرىك، ئەمما ئاپئاق تۈكلىرىنى بېشىدىن دۈمبىسىگىچە يېنىشلاپ سىلاپ قويدۇم، بۇ قىلىقىم ئاق يولۋاسنى ھەم سەمەت ۋەيرانىنى قالتىس خۇشال قىلىۋەتتى.

— سەمىتىكا نەلەرگە كەتتىڭىز، ئۇرۇمچىدىن كەلگەندىن بۇيان سىزنى كۆرمىدىم.

— سىلىگە راستىنى دېسەم، قاراسۇ شەھىرىدىن بىر ئىتۋاز ئاداش كەپتىكەن، بىر نەچچە كۈن شۇنىڭ بىلەن بولدۇق، تۇنۇ-

گۇن ئۇنىڭ ئىتى بىلەن ئاق يولۋاسنى بىر مەيدان چېلىشقا سېلىپ، مانا بۇگۇن بىكار بولۇشۇم، خۇيمۇ زېرىكتىم دېسىلە بۇ ئىتۋاز ئاداشلاردىن، مېنى پەقەتلا ئارامىمدا ياشىغىلى قويمىدى.

— قانداق بولدى؟

— ئۇ ئاداشنىڭ دۇمبىقىنى يېرىۋەتتۇق، بۇ دېگەن ئاق يولۋاس دېسىلە، — ئۇ شۇنداق دەپ ئاق يولۋاسنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى، مەنمۇ ئاق يولۋاسقا قارىدىم. ئاق يولۋاسنىڭ ھېچقانداق يېرىدە يارا ئىزلىرى يوق ئىدى.

— ئىتۋازلار يازدا ئىت تالاشتۇرمايدۇ، دەپ ئاڭلىغانتىم، سىلەر بۇ چاغدا قانداق بولۇپ؟

— ئۇغۇ شۇنداقتى، لېكىن ھېلىقى ئاداش كۆزۈمگە كىرىۋېلىپ زادىلا ئۇنىمىدى:

«مانا كۆز ئايلىرى كىرىپ قالدى. يا مەيدانغا چىق ياكى ۋاڭ دەپ يېڭىلگىنىڭگە تەن بەر» دېمەسما، مانا ئەمىسە دەپ سېلىۋەردىم، ئىتى بىر قاساشقىمۇ يارىمىدى، جۇسىلە ئەپەندىم، ھازىر باغدا قارا توغاچلار قالتىس پىشىپ كەتتى دېسىلە، بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ توغاچ يەپ كەلسىلە، بۇگۇن ئوبدان ۋاقتىدا ئۇچراشتۇق، — دېدى سەمەت ۋەيرانى مېنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئاشۇ كېرىمىنىياز قادىر تەسۋىرلەپ بەرگەن ئۆيلىرىنى بىر كۆرگۇم كەلدى ـ دە، رەت قىلمايلا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتىم. ئۇنىڭ ئۆيى بىزنىڭ ئۆيدىن تەخمىنەن بىر كىلومېتىرچە يۇقىرىدا ئىكەن. ئاشۇ قىڭغىيىپ قالغان قەدىمكى پوسۇندىكى دەرۋازىدىن كىرسەك كەڭرى باغلىق ھويلا، ئۇدۇلىدا بىر ئىغىزلا كونا ئۆي، سۇ تورۇبىسى ھە دېگەندىلا ئادەمنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ تۇراتتى. ھويلىغا كىرگەندىن كېيىن سەمەت ۋەيرانى ئاق يولۋاسنىڭ بوينىدىن زەنجىرنى ئېلىۋەتتى، زەنجىر بوينىدىن ئېلىنغاندىن كېيىن ئاق يولۋاس شۇنداق خۇش

بولۇپ كەتتىكى، ئۇنىڭ خۇشلۇقىنى قەغەز يۈزىدە تەسۋىرلەپ
بېرىش، تىل بىلەن ئىپادىلەش ھەقىقەتەن تەس ئىدى. ئۇ بىردەم
بۇ كەڭرى ھويلىنىڭ ئۇ بېشىغا يۈگۈرۈپ بارسا، بىردەم بۇ
بېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئەتراپنى ئايلىناتتى. يۇملاپ يۈرۈپ
ئۆز - ئۆزىگە ئويۇن پەيدا قىلاتتى. ئۇ مېنى ئۆيگە باشلىمىدى،
تۇرۇبىدا قولىمىزنى يوغاندىن كېيىن ئۇ مېنى باغ تەرەپكە باشلى-
دى. ئۇنىڭ بېغىدا ئانار، ئەنجۈر، بادام، قىسقىسى بۇ ئالەمدە
بار مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. ئىككىمىز باغنى ئارىلاپ
بىر توپ ئېسىلىپ پىشقان قارا توغاچنىڭ يېنىغا باردۇق. توغاچ
تۈۋىگە بىر پارچە ئاق كىگىز سېلىقلىق ئىكەن، سەمەت ۋەيرانى
مېنى ئاشۇ كىگىز ئۈستىگە باشلىدى، ئاندىن بىر باغلام ياۋا چۆپ
يۇلۇپ كېلىپ ئالدىمغا قويۇپ، توغاچنى ئىرغىتتى، يەرگە چۈش-
كەن توغاچلارنى تېرىپ كېلىپ، ئاشۇ بىر باغلام چۆپ ئۈستىگە
قويۇشقا باشلىدى. ئىككىمىز بىرلىكتە ئولتۇرۇپ ئون - ئون
بەش تالدىن قارا توغاچ يېدۇق، توغاچ ھەقىقەتەن ۋايىغا يېتىپ،
ناھايىتى تاتلىق پىشقان ئىكەن، ئاغزىمغىمۇ شۇنداق تېتىپ كەت-
تى، ئەسلىدە كۆپرەك يېمەكچى ئىدىم، نەپسىمنى يىغدىم، كى-
شىلەر توغاچنى كۆپ يېسە قورساقنى ئاغرىتىدۇ، دەيدىغان، شۇ
گەپلەر ئېسىمگە كەلدى بولغاي. سەمەت ۋەيرانى جىمجىت ئولتۇ-
راتتى. ئۇنىڭ بېشىدا يەنە شۇ كونا ھەربىيچە شەپكە، ئۇچىسىدا
ھېلىقى كونا پالشوپكا چاپان، بېلى يەنە شۇ شوينىدا باغلاقلىق
ئىدى. شۇ تاپتا يەنە ئاشۇ كېرىمنىياز قادىرنىڭ سۆزلىرى ئېسىم-
گە كېلىپ، ئىچىمدە: «شۇنچە كۆپ پۇل ئۇتتۇۋالغان ئادەم مۇشۇ
ئەپتىنى ئوڭشاپ يۈرسە بولماسمۇ، بۇ ئادەمنىزە» دەيتتىم. ئا-
دەتتە ئۆزۈمنىڭمۇ جىمجىتلىقنى ياقتۇرمايدىغان خۇيۇم بارئىدى،
ئەمما شۇ تاپتا گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەيۋاتاتتىم، قانداق
قىلىش كېرەك؟ ئاخىرى مەنمۇ گەپنى مۇشۇ ئاق يولۋاستىن
باشلاشنى توغرا تاپتىم.

— سەمىتىكا، سىلە بۇ ئاق يولۋاسنى نەدىن تاپقان ئىدىلە؟
— بۇ ئاددىيلا گەپ دېسىلە ئەپەندىم، بۇ ئاق يولۋاسنى نەدىن
تاپقانلىقىم، قانداق باققانلىقىمنى بىلگۈلىرى كەلگەن بولسا گەپ-
نى يەنە كەپتەردىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئاشۇ «مەدەنىيەت
ئىنقىلابى» يىللىرى مۇشۇ يەردىن كۈنلۈك يىراقلىقتىكى غۇز
تېغىغا سۇ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بېرىپ، ئىككى ئاي تۇرۇپ قالدۇق
دېسىلە، يېنىپ كېلىشكە بىر نەچچە كۈن قالغاندا پۇتۇمغا تاش
چۈشۈپ كېتىپ ئاقساپ قالدىم. قايتىدىغان كۈنىمىز مەن كىشى-
لەرگە يېتىشەلمەي قالدىم، باشقىلارمۇ ئالدى - كەينىگە قارىماي
مېڭىپ، مېنى تاشلاپ كېتىپتۇ، بىر يەرگە كەلگەندە ھېرىپ
قېلىپ كۆدە - كۆرپەمنى قويۇپ ياتسام، كۆزۈم بىردىنلا ئالدى-
مىزدىكى تاغنىڭ قاپ بېلىدىكى يوغان بىر كامارغا چۈشتى،
ھېلىقى كامارغا بىر توپ ياۋا كەپتەر كىرىپ - چىقىپ يۈرەتتى.
مېنى سورىسىلا مەن بىر يېتىمچى، دادام خېلى بۇرۇنلا ئۆلۈپ
كەتكەنىكەن. ئانام ئۆلۈپ كەتكىلى شۇ كۈنلەردە بىر يىلچە بول-
غانتى، ئائىلىمىزدە ئۆزۈم يالغۇز، مېنىڭ ھالالغا بىر توخام،
ھارامغا مۈشۈكۈممۇ يوقتى، بىردىنلا خىيالىمغا ئاشۇ ياۋا كەپتەر-
نىڭ باچكىلىرىدىن بىر نەچچە جۈپ ئېلىپ بېرىپ باقمايمۇ دېگەن
خىيال كەلدى دېسىلە. شۇنىڭ بىلەن تاغقا ياماشتىم، خۇدا ماڭا
ئاشۇ كامارغا بېرىش ئۈچۈن يول بەردىمۇ ياكى ئۆزۈم قارامىلىق
قىلىپ چىقتىممۇ ئىشقىلىپ تاغنىڭ بېلىگە چىقىپ، كامارغا باش
تىقتىم، ھېلىقى كامارنىڭ ئىچى ئۆيدەك كەڭرى ئىكەن، چىقىد-
شىم بىلەن تەڭ بىرەر يۈزگە يېقىن كەپتەر گۇر قىلىپ سىرتقا
ئۆزىنى ئۇرۇپ تاس قالدى دېسىلە مېنى ئوڭدامغا ئۈچۈرۈۋەتكى-
لى، شۇنداق قىلىپ قارىسام تازا ئۈچۈرما بولغان باچكىدىن
ئوتتۇزدەك باچكا بار ئىكەن. كۆڭلىكىمنى سېلىپ يېڭىنى بوغۇپ
خالتا قىلىپ، ھەممىنى ئېلىپ تاغ باغرىغا چۈشتۈم، شۇ يەردىلا
ياۋا توغراقنىڭ تاللىرىدىن بىر سېۋەت توقۇپ، باچكىلارنى سال-

دىم، كەچ كىردى، مېڭىش قىيىن ئىدى، شۇ كېچىسى ئاشۇ تاغ باغرىدا باچكىدىن بىر نەچچىنى ئۆلتۈرۈپ يەپ، تاڭنى ئاتقۇزدۇم. ئەتىسى باچكىلارنى ئۆيگە ئېلىپ كېلىپ باقتىم دېسىلە، ئۇ چاغلاردا بىر كەپتەرنى بەزىدە بىر يۈەنگە، بەزىدە بەش موچەنگە ئالاتتى. بۇ كەپتەرلەر تۇرمۇشتىكى ئەڭ چوڭ يۆلەنچۈكۈم بولۇپ قالدى. مەن كەپتەر سېتىپ توپلىغان پۇلغا ئۆيلەنگەن ئەپەندىم، خوتۇنۇم ئايىم قالتىس ياخشى خوتۇن ئىدى، بېشىمدىكى مۇشۇ شەپكىنى ئۇ يولدىن تېپىۋاپتىكەن، بەلكىم بىرىنىڭ ماشىنا ئۈستىدىن شامالدا ئۇچۇپ كەتكەن شەپكىسى بولغىيتى، ئۇ چاغلاردا مۇنداق شەپكە ئەڭ ئېسىل باش كىيىمى ھېسابلىناتتى. ھازىرقى تىل بىلەن دېگەندە مودا دېسىلە، مودا. مۇشۇ چاپاننىمۇ ئۇ ئانىسىدىن قالغان بىر جۈپ ئالتۇن زىرىسىنى سېتىپ تىكتۈرۈپ بەرگەن. بىز بەك ياخشى ئۆتەتتۇق، 3 ـ ئومۇمىي يىغىن ئېچىلىپ ياخشى كۈنلەرگە ئۇلاشقاندا دېسىلە، تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۆيلەنمىدىم. بۇ سەمىتىكام نېمانداق كونا شەپكە بىلەن كونا چاپاننى سالماي كىيىپ يۈرۈيدىغاندۇ دېمىسىلە، چاپان، شەپكە ئېلىشقىغۇ كۈچۈم يېتىدۇ، لېكىن كەيگۈم كەلمەيدۇ. نېمىشقا دېسىلە، بۇ چاپان بىلەن شەپكىنى كىيىپ يۈرسەم خۇددى يېنىمدا ئايىم باردەك كۆڭلۈم توق تۇرىدۇ، كېچىسى مۇشۇ چاپاننى بېشىمغا قويۇپ پۇراپ ياتىمەن، چاپاندىن ئايىمنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ، كېيىنكى كۈنلەردە مۇشۇ كەپتەر بىلەن ئالاڭغۇ ئويناپ ئانچە ـ مۇنچە داڭ چىقىرىپ قالدىم، لېكىن ئۇتتۇر ۋۇۋەتكەن كەپتەرۋازلار كېچىسى كەپتەرلىرىمنى ئوغرىلاشقا كېلىپ مېنى زادىلا ئارام تاپقۇزمىدى، بىر نەچچە قېتىم مېنى ئۇرۇپ باغلاپ قويۇپ، كەپتەرلىرىمنى ئېلىپ كەتمەكچى بولۇشتى.

بىر يىلى ئىككى ئوغرى مېنى قاتتىق ئۇرۇپ يىقىتىپ قويدى، لېكىن كەپتەرلىرىم تۇتۇق بەرمەي، قاراڭغۇ تۈندە تۈگ-

لۈكتىن چىقىپ كەتتى، ئوغرى مۇرادىغا يېتەلمىگەن بولسىمۇ مەن ئورنۇمدىن تۇرالماي بىرەر ئايچە يېتىپ قالدىم. بىر كۈنى ئايىم چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ، ئۇ چۈشۈمدە: «سەمىتاخۇن سەن ئۆزۈڭگە ھەمراھ تېپىۋال، ھەمراھ بولسا كىشىلەر بوزەك قىلالمايدۇ» دەۋاتقۇدەك، ئويغانسام چۈشۈم ئىكەن، ئارىدىن ئون كۈن ئۆتۈپ، خېلى ئوڭشىلىپ قالدىم. بىر پەيشەنبە كۈنى ئەتىگەندە ئاتا - ئانامنىڭ، ئايىمنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقىپ يېنىپ كېلىۋاتسام يولدا بىر توپ ئۇششاق باللار بىر كۈچۈكنىڭ بوينىدىن تال بىلەن باغلاپ سۆرەپ يۈرۈپتۇ. بىرنەچچىسى چىۋىق بىلەن ئايىماي ئۇرۇۋاتىدۇ، ھېلىقى كۈچۈك لايغا مىلىنىپ كېتىپتۇ، قىسقىسى ماڭغۇدەك ھالى يوق، باللار ئۆلتۈرۈپ قويايلا دەپتۇ، باللارنى قوغلىسام كۈچۈكنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. بەلكىم چۈشۈمدە ئايىم دېگەن «ھەمراھ» مۇشۇ بولمىسۇن يەنە دەپ ئويلاپ، چاپاننىڭ پېشىگە يۆگەپ ئۆيگە ئېلىپ كېلىپ بىر نەچچە كۈن پەرۋىش قىلسام ئوڭشىلىپ قالدى دېسىلە، باش - كۆزىنى تازا يۇيۇپ قارىسام مەڭدەك يېرىدىمۇ باشقىچە تۈك يوق، ئاپئاق كۈچۈككەن، ئاشۇ ئاپئاق كۈچۈك مۇشۇ ئاق يولۋاس شۇ ئەپەندىم، كېيىن بۇ كاساپەت شۇنداق يوغىناپ كەتتى دېمەملا. مۇشۇ ئاق يولۋاس پەيدا بولغان بىلەن تەڭ، كەپتەر ئوغرىلىرى كېچىسى كېلىپ مېنى بوزەك قىلالمايدىغان بولدى، كەلگەنلىرى ئەدىپىنى يەپ كېتىپ قالدى دېسىلە ئەپەندىم، — دېدى سەمەت ۋەيرانى بىر خىل مەغرۇر تەلەپپۇز بىلەن.

— قاچاندىن باشلاپ بۇ ئاق يولۋاسنى ئىتۋازلىق سورۇنىغا ئېلىپ كىردىلە، مۇشۇنداق قىلىشلىرىغا نېمە سەۋەب بولدى؟

— سىلەر زىيالىي خەقزە ئاجايىپ جۇمۇ، — دېدى ئۇ، — گەپ سورىغاندا تېگى بىلەن سورايسىلەر، بۇ گەپلەرنى تېخى مەندىن ھېچكىم سوراپ باقمىغان، بوپتۇ بۈگۈن سىلىگە دەپ بېرەي ئەپەندىم. بۇ ئاق يولۋاس ئۈچ ياشقا كىرگۈچە مۇشۇ

ھويلىدىن چىققان ئەمەس. ماڭا ئەتىيازدا باغدىكى مېۋىلەرنىڭ تۈۋىنى چانىشىپ ئوغۇتلىشىپ بېرىدىغان، ياز، كۈزدە مېۋە ئۈ- زۈشۈپ بېرىدىغان ئەمەتجان دېگەن بىر بالىلا بۇ ئاق يولۋاسنى بىلەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. شۇ كۈنلەردە بۇ قەلئە ناھىيىسىدە ئۆرايىم ئىتۋاز دەيدىغان بىر ئادەم يېقىن - يىراقتا ئىتۋازلىقتا داڭ چىقارغان بولۇپ، ھەتتا قوشنا ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە ناھىيە - شەھەرلەردە ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلمايدىغان كىشى يوق ئىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ «سېرىق تايغان» دەيدىغان بىر ئىتى داڭدار بولۇپ، بۇ دەرگاھلىقتا ئىت تەڭ كېلەلمىگەن ئىكەن. بىر كۈنى ئاققاش شەھىرىدىن قاسىم پور دەيدىغان بىر ئىتۋاز كىلىپ، سېرىق تايغاننى دەسلەپتە 20 مىڭ يۈەن قىپتۇ، ئۆرايىم ئىتۋاز يېقىن كەلمەپتۇ. ئاخىرى قاسىم پور 25 مىڭ، 30 مىڭ دەپ 35 بەش مىڭ يۈەنگە چىقىپتۇ، ئۆرايىم ئىتۋاز يەنىلا بەرمەپتۇ، مۇشۇ سودىنىڭ ئۈستىدە ھېلىقى ئەمەتجان بار ئىكەن. ئۇ بالا:

— ھەي ئۆرايىمكا، 35 مىڭغا چىقتى، ئىتنى بېرىۋەت، ناھايىتى جايىدا ئىش بولدىغۇ؟ — دەپتۇ. ئۆرايىم ئىتۋاز:

— ئەگەر سىنىڭ مۇشۇنداق ياكى مۇشۇ سېرىق تايغانغا تەڭ كېلىدىغان ئىتىڭ بولسا ئېلىپ كەل، مانا مەن ساڭا 50 مىڭ يۈەن بېرىمەن، سەن ئاقساقاللىق قىلماي نېرى تۇر، — دەپتۇ. ئەمەتجان:

— مېنىڭ ئۇنداق ئىتىم يوق، لېكىن سېنىڭ بۇ لالماڭنى بىر قاساپلا غىڭشىتىۋېتىدىغان ئىت مۇشۇ يېقىن ئەتراپتىلا بار. سەن تولا يوغان سۆزلىمە، ئۇ ئىتىنىڭ ئالدىدا سېنىڭ بۇ سېرىق تايغىنىڭ بىر لالما ئىت، بىر قانجۇق، ھەتتا بىر مۇشۇك، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۆرايىم ئىتۋاز بۇ گەپلەرگە چىدىماي، يېنىد- دىن پىچىقىنى سۇغۇرۇپ «ھېلى بىكار ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دەپ،

ئەمەتجانغا يوگورۇپتۇ. كىشىلەر «هاي ـ هاي» دېيىشىپ، ئۇنى تەستە توسۇۋاپتۇ، ئۇرايىم ئىتۋاز پەسكويغا چۈشۈپ ئەمەتجانغا:

— ئاشۇ نوچى ئىت كىمنىڭ؟ — دەپتۇ. ئەمەتجان:

— 500 يۈەن بەرسەڭ دەپ بېرىمەن، — دەپتۇ. ئۇرايىم ئىتۋاز شارت قىلىپلا يېنىدىن 500 يۈەننى چىقىرىپ:

— تۇتە، مانا بۇ 500 يۈەن، ئېيتە، ئۇ ئىت نەدە؟ — دەپتۇ. ئەمەتجان:

— سەمەت ۋەيرانىنىڭ ئاق يولۋاس دەيدىغان بىر ئىتى بار، شۇ، — دەپتۇ.

مانا ئىتۋازلىق تۇرمۇشى شۇنىڭدىن باشلاندى.

شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇنقى ۋاقىت ئىدى، بىر چاغدا تۇرسام بىرى دەرۋازىنى قاقتى، چىقسام ئىشىك ئالدىدا 10 ـ 20 ئادەم تۇرىدۇ، قارىسام كىشىلەر ئارىسىدا ئۇرايىم ئىتۋازمۇ باركەن. «هە، نېمە گەپ» دېدىم.

— مۇنداق گەپتى، — ئۇرايىم ئىتۋاز يۇقىرىقى گەپلەرنى بىر قۇر سۆزلىگەندىن كېيىن، — ئاق يولۋىسىڭ بىلەن بىزنىڭ سېرىق تايغاننى بىر چېلىشقا سالايلى، ئىككىسى بىر بەل تۇتۇشۇپ باقسا، — دېدى.

— ئاق يولۋاس تېخى قاتمىغان، هەم ئىت بىلەن تالىشىپ باقمىغان، سېنىڭ ئىتىڭ مەشھۇر ئىت، بولماسمىكىن، — دېدىم. ئۇرايىم ئىتۋاز ئۇنىمىدىغان.

— ئۇكام، باياتىن ئەمەتجان مۇشۇ ئاق يولۋىسىڭنى ئېغىزىغا ئېلىپ، مېنىڭ سېرىق تايغىنىمنى بىر پۇلسىز قىلىۋەتتى. ماۋۇ قاسىماخۇن سېرىق تايغانغا تېخى ئەمدىلا 35 مىڭ يۈەن باها قويغان. مەن سېنىڭ ئاق يولۋىسىڭ بىلەن بىر چېلىشتۇرمىسام، ئەمدى مېنىڭ سېرىق تايغىنىمنى بىركىم بىر تىيىنگىمۇ ئالمايدۇ. يا بۈگۈن سېرىق تايغان يېڭىلىپ لالما ئىتقا ئايلىنىپ كەتسۇن ياكى يېڭىپ ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى، باهاسىنى

ساقلاپ قالسۇن، قىسقىسى يا ئۇيان يا بۇيان، ماقۇل دە، ئۇكا، مانا مەن ساڭا 200 مىڭ يۈەن دو تىكتىم، — دېدى. ئۇ چاغدا مېنىڭ تېخى ئىككى مىڭ يۈەنگىمۇ كۈچۈم يەتمەيتتى.

مەن «پۇلۇم يوق» دەپ رەت قىلدىم، ئاخىرى ئۇرايىم ئىتۋاز:

— مۇنداق قىلايلى، ئەگەر ئاق يولۋاس يەڭسە مەن ساڭا 20 مىڭ يۈەن بېرەي، سېرىق تايغان يەڭسە، ئاق يولۋاس مېنىڭ بولسۇن، — دېدى.

كىشىلەر بۇنىڭدىنمۇ ياخشى گەپ بولامدۇ، ماقۇل دە، سەمەتكا دېيىشتى. قارىسام، مەندە «ياق» دېيىشكە ئورۇن قالماپتۇ، «ماقۇل» دېدىم. شۇنداق قىلىپ ئەللىكدەك ئادەمنىڭ ھەمراھلىقىدا چېقىر تېرەكنىڭ سېيى دېگەن يەردە ئىككى ئىتنى تالاشقا سالدۇق، نېمە بولدى دېمەملا، ھېلىقى سېرىق تايغان يېرىم سائەتكىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي تاكىدىن چىقتى. دېمەك، نەق مەيداندىلا قانسىراپ ئۆلدى، بۇ ئاق يولۋاسنىڭ مەڭدەك يېرىمۇ يارا بولماپتۇ. 20 مىڭ يۈەن مېنىڭ بولدى، بۇ نېمە دېگەن ئاسان قولغا كەلگەن پۇل، پۇلنى نەق مەيداندا سانىۋېلىپ قايتىپ كېلىپ ئولتۇرسام، ھېلىقى قاسىم پور دېگەن ئاداش كېلىپ ئاق يولۋاسقا 70 مىڭ يۈەن باھا قويدى، بەرمىدىم. مانا شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئاق يولۋاسنىڭ داڭقى چىقىپ كەتتى. كېيىن ئۇقسام، قاسىم پور ئاق يولۋاسنى سېتىۋېلىپ بېرىپ، يېڭىيەرلىك مەمەت نىياز دېگەننىڭ قارا قاپلان دېگەن ئىتىغا سالماقچى ئىكەن. كېيىن ناسىرنىڭ سېيىدا بۇ ئاق يولۋاس ھېلىقى قارا قاپلاننىمۇ يېڭىۋەتتى. ئەپەندىم، مانا مۇشۇنداق قىلىپ قىشتا ئىت تالاشتۇرۇپ، يازدا كەپتەر بىلەن ئالاڭغۇ ئويناپ كېلىۋاتىمەن، — دېدى سەمەت ۋەيرانى.

— بۇ ئاق يولۋاس سىلىگە ئامەت ئېلىپ كەپتۇ، ئوبدانراق باققايلا، — دېدىم ۋە ئۇرۇمچىدە كىرىمنىياز قادىردىن ئاڭلىغان

مەمەت نىياز پاجىئەسى ۋە ئۇلارنىڭ ئاق يولۋاسقا سېلىش ئۈچۈن ئىت ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى قىسقىچە قىلىپ ئېيتىپ بەردىم. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇ «شۇنداقمۇ؟» دەپلا قويدى، باشقا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. بۇ چاغدا ئاسماندا يۇلتۇزلار چاراقلاپ چاقناپ كەتكەن بولۇپ، كېچە سائەت 10 بولغانىدى. مەن قايتىش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇردۇم، ئىككىمىز ياندىشىپ دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە سەمەت ۋەيرانى:

— جىندەك توختاپ تۇرسىلا ئەپەندىم، — ئۇ ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بىر سېۋەتنى كۆتۈرۈپ چىقىپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ دېدى، — سىلىگە ئاپىرىپ بېرەي، دەپ مۇشۇ يەردە ئون نەچچە باچكا تۇتۇپ قويغانىدىم، پەرھاتجانغا بېقىپ بەرسىلە، ئېغىلغا تاشلاپ قويسىلا ئۆگىنىپ قالىدۇ.

رەت قىلسام راستىنلا ئۇنىڭ كۆڭلىگە كېلەتتى. ماقۇل دەپ قوبۇل قىلىپ، سېۋەتنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كەلسەم، بۇ باچكىلارنى كۆرۈپ 14 ياشلىق ئوغلۇم پەرھات شۇنداق خۇش بولۇپ كەتتى، قارىسام ساق 16 باچكا ئىكەن. ئاياليممۇ:

— بوپتۇ، بېقىپ قويايلى، يەنە چىشلىرى ئاغرىپ قالسا ئەسقاتار، — دېدى. شۇنداق قىلىپ بۇ كەپتەرنىڭ باچكىلىرى بىزنىڭ ئېغىلغا ئۆگىنىپ قالدى. ئوغلىمىز تالادىن كىرمەيدىغان ئويۇنچى بالا ئىدى، بۇ باچكىلار پەيدا بولغان بىلەن تەڭ ئۇمۇ باچكىلارغا مەھلىيا بولۇپ، ھېلى دان بېرىمەن دېسە، ھېلى سۇ بېرىمەن دەپ ئۆيدىن چىقمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئىچىمدە «بالدۇراق باقسامچۇ بۇ كەپتەر دېگەننى» دەيمەن، راستىنلا مېھرى ئىسسىق جانىۋاركەن.

ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپ، باچكىلار چوڭلا كەپتەر بولۇپ كەتتى، تازا جاڭجاڭ سوغۇق كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى، بىر كۈنى كەچتە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرسام تېلېفون جىرىڭلىدى. تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئالسام ھېلىقى يېڭىيەرلىك كېرىمنىياز قادىر

ئىكەن، تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشتۇق، ئارقىدىن كېرىمنىياز قادىر ئۆتكەندە ئۇرۇمچىدە ئايرىلغاندىن كېيىن، قۇمۇل، ئالتاي ۋە ئىلى تەۋەلىرىگە بېرىپ تۇزۇكرەك ئىت تاپالماي كەلگەنلىكى-نى، مەمەت نىيازنىڭ ئىچكىرى شەھەرلەردىن ئالامويناق دەيدى-غان بىر ئىت تېپىپ كەلگەنلىكىنى، ھېلىقى ئىتنىڭ ئىككى چىشلىق توپاقتەك بارلىقىنى، مۇشۇ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، يەنى ئۆگۈنلۈككە شەنبە كۈنى «ھوم پاشاخان شەھىرى» دە ئاق يولۋاس بىلەن تالاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئاخىرىدا:

— سەنمۇ كەلگىن، بىزنىڭ ئالاموينىقىنىڭ ئاق يولۋاسنى قانداق يەڭگەنلىكىنى بىر كۆرگىن، سەمەت ۋەيرانىگىمۇ نامە ئەۋەتتۇق، خوش ئەممىسە ھوم پاشاخان شەھىرىدە كۆرۈشەي-لى. — دەپ تېلېفوننى قويۇۋەتتى. ئەتىسى جۈمە كۈنى ئىدى، سەھەردە ئىشقا كېتىۋاتسام سەمەت ۋەيرانى سۆگەتلىكتە ئاق يول-ۋاسنى يېتىلەپ يۈرۈپتۇ. مەن ۋېلىسىپىتتىن چۈشتۈم. ئىككى-مىز كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۇ:

— ئەپەندىم، ھېلىقى يېڭىيەرلىك ئاداشلار نامە ئەۋەتىپتۇ، سىلى بىرگە بارغان بولسىلا، بىر كۆرۈپ كەلسىلە، پەرھاتجاننى-مۇ ئېلىۋالسىلا. مەن ئەتە ئەتىگەندە ماشىنا ئەۋەتىمەن، — دېدى.

مېنىڭمۇ ئاق يولۋاسنىڭ رەقىبىنى زادى قانداق يېڭىدىغانلى-قىنى بىر كۆرگۈم بار ئىدى.

— ماقۇل، باراي، — دېدىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئىشىك ئالدىدا بىر ماشىنا سىگنال بېرىپ قالدى، چىقسام ماڭا تونۇشلۇق ئەخمەتجان دەيدىغان تاكسىچى يىگىت ئىكەن.

— سەمەتىكام ئېلىپ بارغىن، دەپ مېنى ئەۋەتتى، — دېدى ئۇ.

— ئۇلارچۇ؟

— كېتىپ قالدى.

— سەن ئۇ هوم پاشاخان شەهىرىنى بىلەمسەن؟

— بىلمەمدىغان! مەن نەچچە قېتىم بارغان تۇرسام، — دېدى. شۇنداق قىلىپ ئوغلۇم ئىككىمىز ماشىنىغا چىقتۇق، چوڭ يولدىن قايرىلىپ بىر توپىلىق يول بىلەن بىر سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن، بىر چىغىر يولغا چۈشتۇق، چىغىر يول بىلەن يەنە يېرىم سائەتچە مېڭىپ، چەكسىز كەتكەن قۇم بارخانلىرىنى ئارىلاپ، ئالدىدا ماڭغان ماشىنا ئىزلىرى بىلەن خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، ئاشۇ پايانسىز قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر قەدىمىي شەهەر سېپىلىنىڭ ئەگمە دەرۋازى-سى ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق. بۇ يەردە نەچچە يۈز چوڭ - كىچىك ماشىنا توختاپ كەتكەنىدى. بىزمۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ ئەگىپ دەرۋازىدىن كىردۇق. بۇ قەدىمىي شەهەرنىڭ ئىچى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ هەممىسى ئەر، بىرمۇ ئايال كىشى يوق، بۇ خۇددى رىۋايەتلەردىكى ئەرلەر دۆلىتىنىڭ بايرام كۈنىگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئەخمەتجان، مەن، ئوغلۇم ئۈچىمىز يىللارنىڭ بوران - چاپقۇنلىرى سېپىل تۈۋىگە يۆلىۋەتكەن ئانچىمۇ ئېگىز بولمىغان بىر قۇم دۆۋىسىگە چىقتۇق، يېڭىيەرلىك ۋە قەلئەلىكلەر كۈن پېتىش ۋە كۈن چىقىش تەرەپكە بولۇپ ئىككىگە ئايرىلغانىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي يېڭىيەرلىك تەرەپتىن مەمەت نىياز يېڭىدىن تاپقان هېلىقى ئالامويناق دېگەن ئىتنى يېتىلەپ مەيدانغا چۈشتى (سەل ئىلگىرى يېڭىيەرنىڭ ئىت ئىگىسى مەمەت نىياز دەپ ئاشكارا ئېلان قىلغان)، بىز تەرەپتىن سەمەت ۋەيرانى ئىتىنى يېتىلەپ مەيدانغا چۈشتى. ئىككى ئىت غاژ - غۇژ قىلىپ تالىشىپ كەتتى. هېلىقى ئالامويناق دېگەن راستىنلا قارا، ئاق توكلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن بىر يوغان ئىت ئىكەن، ئاق يولۋاس هېلىقى ئالا مويناق ئالدىدا ماڭا خۇددى كۈچۈكتەكلا كۆرۈنۈپ

كەتتى. ئىچىمدە: «ئۇھ، بۇ قېتىم ئاق يولۋاس يېڭىلدى» دېگەنتىم، ئىتلار جەڭگە چۈشۈپ ئون - ئون بەش مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى ئالامويناق جەڭگىۋارلىقىنى يوقىتىشقا باشلىدى. شۇ ئارىدا مەيداندا چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ھېچنەرسىنى كۆرەلمەيلا قالدۇق. ئاشۇ چاڭ - توزان ئارىسىدىن پەقەت ئىككى ئىتنىڭ كاڭشىغان، غىڭشىغان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى، ساقمۇ ساق بىر سائەت 10 مىنۇت ئۆتكەندە، ئالامويناق چاڭ - توزان ئارىسىدىن قۇيرۇقىنى ئىچىگە تىققان پېتى غىڭشىپ چىقىپ، يېڭىيەر تەرەپتىن ئوتتۇرىغا چىقىپ مەيدان باشقۇرۇۋاتقان ئېگىز بويلۇق بىر كىشىنىڭ ئالدىغا كېلىپلا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. ئاق يولۋاس كەينىدىن قوغلاپ چىقىپ ئالامويناقنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرۈپلا تاق جايىدا توختاپ قالدى. ھەر ئىككى تەرەپتىن «ئاق مويناق يېڭىلدى» دېگەن ئاللا - چۇقان كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئاق يولۋاس غالىب قەدەم بىلەن يولۋاس مېڭىشىدا مەيداننى ئايلىنىۋاتاتتى. سەمەت ۋەيرانى مەندىن 50 قەدەمچە نېرىدا بولۇپ، مەن شۇ تاپتا ئۇنىڭ غەلىبە شادلىقىنى چىرايىدىن بىر كۆرگۈم كېلىپ قارىدىم، شۇ چاغدا بىردىنلا كۆزۈم سەمەت ۋەيرانىنىڭ كەينىدە پەيدا بولغان مەمەت نىيازغا چۈشتى، ئۇ قوينىدىن يالتىراپ تۇرغان بىر چوڭ پىچاقنى چىقىرىۋاتاتتى، مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي:

— سەمەتكا... ئارقاڭغا قارا...! — دەپ ۋارقىرىۋەتتىم.

سەمەت ۋەيرانى ئارقىسىغا قاراشقا ئۈلگۈرەلمىدى، مەمەت نىياز كۈچ بىلەن ئۇنىڭ قاق بىقىنىغا پىچاقنى تىقىۋەتتى، سەمەت ۋەيرانى «ۋاي» دەپلا سىڭايان بولدى، ئەمما يىقىلمىدى. مەمەت نىياز كەينىگە قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىدى، ئاق يولۋاس خۇددى مىلتىقنىڭ ئوقىدەك تېزلىك بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ مەمەت نىيازنى تالاپ كەتتى. مەمەت نىيازنىڭ ئېچىنىشلىق نالىسىدىن يۈرەكلەر جىغىلدايتتى. بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن مەمەت نىيازنىڭ ئۈنى

ئۆچتى. ئاق يولۋاس توختاپ كەينىگە ياندى، بۇ چاغدا مەن سەمەت ۋەيرانىنىڭ چاپان ـ كۆڭلىكىنى سالدۇرۇپ بولغانىدىم، ئۇنىڭ سول بىقىنىدىن قان چاچراپ چىقىۋاتاتتى.

— بۇنىڭدا تاڭايلى، — دەپ ئەخمەتجان كۆڭلىكىنى سېلىپ يېرتاي دەپ تۇراتتى، ئاق يولۋاس ئالىقانىدەك كەڭلىكتىكى قىپقىزىل تىلىنى قان چىقىۋاتقان يارا ئاغزىغا باستى، قان توختىدى. يارا ئاغزى پۈتۈپ قالغانىدەك قىلاتتى، دەل شۇ چاغدا ئاق يولۋاس لوككىدە يەرگە ياتتى. سەمەت ۋەيرانى ئاق يولۋاسقا مىندى، ئاق يولۋاس سەمەت ۋەيرانىنى ئېلىپ ئادەملەر ياشاۋاتقان بوستانلىقلار ئەمەس، ھوم پاشاخان شەھىرىدىن چىقىپ، ئاشۇ چەكسىز كەتكەن قۇم بارخانلىرى تەرەپكە قاراپ، لوكۇلداپ مېڭىپ كەتتى. مەمەت نىياز ئاشۇ قاتىللىق پىچىقىنى تۇتقان پېتى قانغا مىلىنىپ ئوڭدا ياتاتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا ئۆلگەن ياكى ئۆلمىگەنلىكى نامەلۇم ئىدى. لېكىن بۇ يەردىكى تاماشاغا كەلگەن نەچچە مىڭ ئادەم خۇددى ھېچ ئىش بولمىغانىدەك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ماشىنىلىرىغا ئولتۇرۇشۇپ كېتىپ قېلىشتى. ئەلۋەتتە بىرى بولسىمۇ ئادىمگەرچىلىك يۈزىدىن «بۇ سەمەت ۋەيرانى نەگە بارىدىغاندۇ؟» دەپ كەينىدىن توۋلاپمۇ قويۇشمىدى. توۋا، بۇ بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئەجەبكىنا؟ شۇنداق بىغەم، بىپەرۋا ئادەم بولامدۇ بۇ ئالەمدە؟ سەمەت ۋەيرانى ئاق يولۋاسقا مىنىپ قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى، ۋىجدانىم ماڭا: «ھەي، مىجىت سەنمۇ قاراپ تۇرۇۋسەنغۇ؟ توس! توسىۋال ئۇنى» دەپ بۇيرۇق بەردى. ماڭا نەدىن كەلگەن ئىلاھىي كۈچكىنتاڭ، ئۇنىڭ كەينىدىن خۇددى بوراندەك تېزلىك بىلەن يۈگۈردۈم.

— سەمەتكا توختا... ! توختا نەگە بارىسەن؟ — بىردەمدە ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىۋالدىم. كۆكتە يەنە بىر توپ كەپتەرلەر ئۇنىڭ ئۈستىدىلا كېتىشىۋاتاتتى. «توختا سەمىتىكا، توختا... !» كۆكتە كەپتەرلەر، زېمىندا ئاق يولۋاس توختىدى. شۇ

تاپتا سەمەت ۋەيرانىنىڭ بېشىدا ھېلىقى كونا شەپكە ئورنىدا چىرايلىق ئاق دوپپا بار ئىدى، ئۈچىسىدا ئەسكى چاپان يوق، سۇتتەك ئاپئاق يىپەك رەختتىن تىكىلگەن بىر چەكمەن چاپان تۇراتتى. مەن كۆزۈمنى ئۇۋۇلىۋېتىپ يەنە بىر قېتىم قاربىدىم، ھەيرانمەن، بۇ رېئاللىق ئىدى. سەمەت ۋەيرانى خۇددى تويى بولغان يىگىتكە ئوخشاپ قالغانىدى.

ئۇ ئاق يولۋاس ئۈستىدىن يىرىك قۇم ئۈستىگە چۈشتى ـ دە، ماڭا قاراپ كۈلۈپ:

— رەھمەت سىزگە ئەپەندىم، ئاخىرى سىزلا كەپسىز، — دېدى.

— نەگە بارسىز، يۇرۇك بىز كېتەيلى، بىرگە كېتەيلى، ئالدىڭىزدا ھالاكەت دېڭىزى، سىز نېمىشقا ئۇ تەرەپكە...؟

— شۇنداق، شۇنداق، بىلىمەن، راست بۇ تەرەپ ھالاكەت دېڭىزى، ئەمما ئاخىرى ھەممە ئىنسان مۇشۇ ھالاكەت دېڭىزىغا غەرق بولىدۇ، بۇ ئالەمدە غالىبلارمۇ مەڭگۇ غالىب ئەمەس، ئاجىزلارمۇ مەڭگۇ ئاجىز ئەمەس، ئامەت ۋە ئاپەت كۆچىدۇ، خۇددى كۆكتىن يۇلتۇز كۆچكەندەك، — ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ ئوڭ قولىنى كۆككە ئۇزاتتى.

كۆكتىكى بىر جۈپ كەپتەردىن ئىككىسى پۇررىدە كېلىپ ئۇنىڭ ئالىقىنىغا قوندى. سەمەت ۋەيرانى ھېلىقى بىر جۈپ كەپتەرنى ماڭا بېرىپ:

— سىزگە بۇ بىر جۈپ كەپتەرنى بېرەي، ئوبدان بېقىڭ. شۇنى ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلاڭ، بۇ كەپتەر مۇشۇ قەلئە تۇپرىقىدا بېقىلسا، مۇشۇ يەرنىڭ دېنىنى يەپ، سۈيىنى ئىچسىلا مەڭگۇ غالىب، ئەگەر باشقا يەرگە يۆتكەلسىلا ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق، چىدامىلىق خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىدۇ، كەپتەرنى قويـ ـنىڭىزغا سېلىڭ، باشقىلار كۆرمىسۇن، بىلمىسۇن. خوش ئەمـ ـسە! — دېدى. ئاق يولۋاسمۇ ماڭا ئوڭ پۇتىنى ئۇزاتتى.

— خوش ئەمىسە ئەپەندىم!

— خوش ئاق يولۋاس!

سەمەت ۋەيرانى ئاق يولۋاسقا مىندى، ئاق يولۋاس خۇددى قۇشقا ئوخشاش هاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. مەن هېلىقى بىر جۈپ كەپتەرنى قوينۇمغا سېلىپ چەكسىز كەتكەن قۇم بارخانلىرى تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ قاپتىمەن. بىر چاغدا ئارقا تەرىپىمدە بىر نەرسىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، ئېسىمنى يىغىپ بۇرۇلۇپ قارىسام، ئەخمەتجان بىلەن ئوغلۇم پەرهاتجان ئىكەن، ئۇلار مېنىڭ ئىزىمنى ئىزدەپ تاكسى بىلەن قوغلاپ كېلىشكەنىدى.



**图书在版编目(CIP)数据**

贞洁的女人/阿布力米提·伊明著. —乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2004.10
ISBN 7—5371—5168—7

Ⅰ.贞… Ⅱ.阿… Ⅲ.中篇小说—作品集—中国——当代—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004)第 104197 号

责任编辑：玛丽亚木·库尔班
责任校对：克尤木·吐尔逊
封面设计：穆拉丁·阿比提

*北极星*文学丛书
**贞洁的女人**(维吾尔文)
(中篇小说集)
**阿布力米提·伊明** 著

---

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路 100 号 邮编：830001)
新疆新华书店发行
新疆宏图印务有限责任公司印刷
850×1168 毫米 32 开本 3.75 印张
2004 年 10 月第 1 版 2004 年 10 月第 1 次印刷
印数：1—3000

---

ISBN7—5371—5168—7 定价:6.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

قۇتۇپ يۇلتۇزى مەجمۇئەسى

ئىپپەتلىك ئايال

قىز قەلبىدىكى سۆز

ئەنسىز ئادەم

يەكپاي ئاياغ

شەيتان قىلتىقى

دەز كەتكەن يۈرەك

نادان مۇخلىسلار



قۇتۇپ يۇلتۇزى مەجمۇئەسى

ISBN 7-5371-5168-7

9 787537 151689 >

ISBN7-5371-5168-7

(民文)　定价：6.00 元